




# قوشماق ئاداش

(ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى)



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكتىرون ئۈن - سىن نەشرىياتى

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى



ISBN 978-7-89415-023-3



ھۆرمەتلىك ____________ گە:

______________________________

______________________________

______________________________


______________________________



____________ دىن تەقدىم

-يىلى  -ئاينىڭ  -كۈنى






# قوشماق ئاداش

## (ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت - فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل كوررېكتورى: ئابدۇرېھىم ئابلىمىت
مۇقاۋا ۋە بەت لايىھەلىگۈچى: تۇردىھاجىم تۇرغۇن
قىستۇرما رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

ئەلپىدا ئاۋازلىق ئوقۇشلۇقلىرى

# قوشماق ئاداش

(ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى بالىلار ئويۇنلىرى)

تۈزگۈچى: تۇرسۇن قادىر

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن ـ تېخنىكا باغچە يولى 5 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى: 830026
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ بايى باسما زاۋۇتى
فورماتى: 787 × 1092 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 117.75
نەشرى: 2015 ـ يىلى 2 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2015 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 89415 - 023 - 3
ئومۇمىي باھاسى: 490.00 يۈەن (جەمئىي 20 كىتاب ۋە چەكمە قەلەم)

# مۇندەرىجە


«سالام بېرىش» ئويۇنى ........................ 1
«ئاداش ـ ئاداش» ئويۇنى ........................ 2
«تاش تەرمەك» ئويۇنى ........................ 4
«تەپكۇچ» ئويۇنى ........................ 8
«بۆشۇك» ئويۇنى ........................ 10
«ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنى ........................ 12
«قاپاق تېرىدىم» ئويۇنى ........................ 14
«ئىلىشماق» ئويۇنى ........................ 16
«چېلىشىش» ئويۇنى ........................ 18
«قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنى ........................ 21
«ئىلەڭگۇچ» ئويۇنى ........................ 23
«مۆكۇشمەك» ئويۇنى ........................ 24
«جۇپمۇ ـ تاق؟» ئويۇنى ........................ 26
«ئايشەمخانىنىڭ تۇرغان جايى» ئويۇنى ........................ 27
«چۆچۇرە قايناق» ئويۇنى ........................ 28
«تۆگە ـ تۆگىلەڭ» ئويۇنى ........................ 30
«مېھماندارچىلىق» ئويۇنى ........................ 31
«ۋىژىلداق» ئويۇنى ........................ 33
«ئويمۇ ـ قويمۇ؟» ئويۇنى ........................ 34
«تارتىشماق» ئويۇنى ........................ 35
«دوپپا تالىشىش» ئويۇنى ........................ 36
«لام ـ جىم» ئويۇنى ........................ 37
«ۋاللەي»(گاگا ـ چۇك) ئويۇنى ........................ 38
«توپ» ئويۇنى ........................ 40
«چامغۇر يۇلۇش» ئويۇنى ........................ 42
«يېرىلىڭگتېغىم» ئويۇنى ........................ 43
«مەرەم» ئويۇنى ........................ 44
«ياڭاق» ئويۇنى ........................ 46

«قوچقارچىلاپ سوقۇشۇش»(ئۇسۇشۇش) ئويۇنى ........ 47
«توققۇز قاتار» ئويۇنى ........ 48
«ياڭاق سوقۇش» ئويۇنى ........ 49
«ياغاچ پۇتتا مېڭىش» ئويۇنى ........ 51
غىل تېپىلىش ........ 52
«قاياق» ئويۇنى ........ 54
«ئوردىكام» ئويۇنى ........ 56
«ياغلىق تاشلاش» ئويۇنى ........ 58
«قارلىق تاشلاش» ئويۇنى ........ 59
قوشماق ئاداش ئويۇنى ........ 60
«جۇپ - تاق» ئويۇنى ........ 61
«موت كەتتى» ئويۇنى ........ 62
«ئوردا كاتىكى» ئويۇنى ........ 63
«تىزىق» ئويۇنى ........ 65
«سەگۈنچەك» ئويۇنى ........ 66
«تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى ........ 68
«تاماق ئېتىش» ئويۇنى ........ 69
«تاپان قويۇش» ئويۇنى ........ 71
«لىڭگىرتاقتاق» ئويۇنى ........ 73
«شىلدىر كوپ» ئويۇنى ........ 74
«چىم - چىم» ئويۇنى ........ 76
«تېپىشماق ئېيتىشىش» ئويۇنى ........ 78
«ئات توقۇش» ئويۇنى ........ 81
«قاچ - قاچ» ئويۇنى ........ 83
«ئوغلاق - قوزا» ئويۇنى ........ 85
«مىدىر - سىدىر» ئويۇنى ........ 87
«نان يېقىش» ئويۇنى ........ 89
«خوراز سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى ........ 90
«جىلدىرماچ» ئويۇنى ........ 91
«بوت-بوت» ئويۇنى ........ 92
«ئات توپى» ئويۇنى ........ 94
«ئوردا تۆشۈكى» ئويۇنى ........ 95
«موللاق ئېتىش» ئويۇنى ........ 97
«خورازمۇ - مېكىيانمۇ؟» ئويۇنى ........ 99
«جۈپتۈڭنى تاپ» ئويۇنى ........ 100



## «سالام بېرىش» ئويۇنى



بالىلار چەمبەر شەكلىدە ئەركىن تۇرىدۇ، رىياسەتچى ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى سالام ـ سەھتى بىلەن غەربلىكلەرنىڭ سالام ـ سەھتىنى ھەرىكەت بىلەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ: ئۇيغۇر يىگىتلىرى ئوڭ قولىنى مەيدىسىگە قويۇپ، بېشىنى سىڭايان ئېگىپ سالام بەرسە، قىزلار جۈپ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، بېشىنى ئېگىپ تەزىم بىلەن قوبۇل قىلىدۇ. غەربلىكلەر بولسا ئوغۇللار شىلەپىسىنى ئېلىپ ئازراق ئېگىلىپ سالام بەرسە، قىزلار كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى تۇتۇپ، تىزىنى سەل ئېگىپ سالام قايتۇرىدۇ.

**ئويۇن قائىدىسى:** رىياسەتچى خالىغان بالىنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەجا كەلتۈرىدۇ، ئەگەر ئۇيغۇر يىگىتنىڭ ئۇسۇلىدا سالام بەرسە قارشى تەرەپ غەرب قىزلىرىنىڭ ئۇسۇلىدا سالامنى قوبۇل قىلىشى كېرەك، غەرب يىگىتنىڭ ئۇسۇلىدا بەرسە، ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ ئۇسۇلىدا قوبۇل قىلىشى شەرت، قىز بالىچە سالام بەرسىمۇ يات ئەل ئوغۇللىرىنىڭ ئۇسۇلىدا سالام قايتۇرىدۇ. ئەگەر جىددىيلىشىپ خاتا ئىنكاس قايتۇرغۇچىلار كۆرۈلسە نومۇر ئورۇنلاپ بېرىشكە بۇيرۇلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە داۋام ئېتىدۇ، ئەھۋالغا قارىتا باشقا مىللەتلەرنىڭ سالىمىنى ئالساقمۇ بولىدۇ.



بۇ ئويۇن ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارغا سالام ـ سەھەت ئادىتىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىللە، ئىنكاسىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

## «ئاداش ـ ئاداش» ئويۇنى


«ئاداش ـ ئاداش ئويۇنى» هازىرغىچە يېزا ـ قىشلاقلاردا ئوغۇللار ئويناپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان ئويۇنلارنىڭ بىرىدۇر. ئويۇننى باشلاش تەرتىپى مۇنداق بولىدۇ: ئۈچ ئوغۇل بالا قاتار تىزىلىپ بىر ـ بىرىنىڭ دولىسىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ، بىر پۇتلاپ تاقلاپ سەكرەپ، قوشاق ئېيتىش بىلەن تەڭ ئويۇننى باشلايدۇ. ئۇلار شۇ تەرتىپتە تاقلاپ قولنى مۈرىگە قويۇپ توختىماي سەكرەپ مەھەللىنى ئايلىنىپ چىقىدۇ ۋە سەكرەش جەريانىدا باشقا ئوغۇللارنىمۇ سەپكە قوشۇلۇشقا چاقىرىدۇ.

ئوينايدىغان بالا بارمۇ؟
مۈرەيدىغان كالا بارمۇ؟
مەھەللىدە بىز بىلەن،
ئاداش بولار بالا بارمۇ؟

دېگەن قوشاق بىلەن تەڭ سەپكە قېتىلىدىغان بالىلار پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، بارلىق ئويۇنغا قاتناشقان بالىلار بىرلىكتە:







ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
تالشىپ يېگەچ بىر ناننى،
دەريا بويى بويلايلى.
ئاداش ـ ئاداش بولايلى،
ئالما قېقى شورايلى.
ئۇلۇغ ناننىڭ بويىدا،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
چىم چۆچىكىم، چىم چۆچەك،
ئوتتۇرىسى كۆلمەنچەك،
سۇ قۇيسام تېشىپ كەتتى،
ئۆملەپ قېچىپ كەتتى.
كېلىڭ دوستلار ئوينايلى،
ئاداش ـ ئاداش بولايلى.
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى،
ئايرىلماس دوست بولايلى.

دېگەندەك قوشاقلارنى ئۇنۇملۇك، تەرتىپلىك، رىتىملىق ئېيتىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ جىسمانىي ساغلاملىقىغا پايدىلىق بولۇپ، قىش پەسلىدە ئوينالسا بالىلارنىڭ سوغۇقتىن مۇداپىئەلىنىش، قورقماس، چىدامچان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرۈش بىلەن بىللە، يەنە كۆڭۈل ئېچىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

بۇ ئويۇننىڭ ئەڭ جەلپكار نۇقتىسى تىل بۆلىكىدە بولۇپ، بۇ ئويۇندا ئېيتىلغان قوشاقلار بالىلارغا خاس چۇچۇك تىلى، ئاددىي قاپىيە، رىتىملىق ئالاھىدىلىككە ئىگە، بۇ ئويۇندا ھەرىكەت بىلەن سەنئەت تەبىئىي ھالدا بىرلەشتۈرۈلۈپ، ئويۇننى تەشكىللىك ھالدا ناخشا ـ قوشاق پائالىيىتىگە ئايلاندۇرىدۇ. بۇ قوشاقلار مىللىتىمىزنىڭ ناخشا ـ قوشاقچىلىق ئەنئەنىسىنىڭ بالىلار ئويۇنلىرىدىكى جانلىق ئىپادىسى.

بۇ ئويۇننىڭ «ئاداش ـ ئاداش ئويۇنى» دېگەن نامىدىنلا ئويۇننىڭ ھەمدەملىككە، بىرلىككە سىمۋول قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەس. بۇ ھەم بالىلارنىڭ ئۆملۈككە بولغان ئىنتىلىشىنى ئىپادىلىسە، ھەم بالىلارنىڭ ئويۇندىن تەڭ ھۇزۇرلىنىش، بەھرىلىنىش ھېسسىياتىنى ئىنكاس قىلىدۇ.

# «تاش تەرمەك» ئويۇنى


ئادەتتە «چاكۇم» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئويۇن ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئەڭ ئامراق ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئەتىياز، ياز ۋە كۈز كۈنلىرى پاكىز سەينالاردا ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننى ئىككى قىز ئۆزئارا ئوينىسىمۇ ياكى قىزلار4 ـ 5 تىن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ.

بۇ ئويۇن سىلىقلانغان بەش تال ئۇچكە ياكى ئۇچكە چوڭلۇقىدىكى بەش تال تاش بىلەن ئوينىلىدۇ. تاشلارنىڭ باشقا تاشلاردىن چوڭراق، ئۆزگىچە ياكى بويالغان بىرى ئانا تاش، قالغان تۆتى بالا تاش قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇندا ھەربىر باسقۇچنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم قوشىقى بولىدۇ، ئويۇن قايسى باسقۇچقا كەلسە، شۇ باسقۇچنىڭ قوشىقى ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىلىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: ئوينىغۇچى بەش تاشنى قولىدا سىقىملاپ تۇتۇپ، ئانا تاشنى باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا قىسىپ تۇرۇپ يۇقىرىغا ئېتىپ، قالغان تۆت بالا تاشنى يەرگە چاچىدۇ ـ دە، ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ؛ ئاندىن ئانا تاشنى يەنە يۇقىرىغا ئېتىپ، بالا تاشتىن بىرنى يەردىن چىمدىپ ئېلىپلا، ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. 2 ـ، 3 ـ،4 ـ بالا تاشلارمۇ ئاشۇ ئۇسۇلدا يەردىن بىر ـ بىرلەپ ئېلىنىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى شەرت شۇكى، ھەربىر بالا تاشنى يەردىن ئالغۇچە باشقا بالا تاشلار مىدىرلاپ كەتمەسلىكى لازىم، ئەگەر قولى تاشقا تېگىپ مىدىرلاپ كەتسە، ئويناۋاتقان بالا يېڭىلگەن بولىدۇ ـ دە، ئويناش نۆۋىتى تۈگەيدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ قوشىقى مۇنداق:

چاكۇم —
چاكۇم ـ چاماكۇم،
كىچىكى ـ كىلىنچىكى.
كۆمكى ـ كۆمچىكى،
بىلىكى ـ بىلەزۈكى.

ئىككىنچى باسقۇچ: ئوينىغۇچى بەش تاشنى ئوڭ قولىدا سىقىملاپ تۇتۇپ، ئانا تاش-



نى باش بارمقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمقنىڭ ياردىمى بىلەن يۇقىرىغا ئېتىپ، قالغان تۆت بالا تاشنى يەرگە چاچىدۇ ۋە ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ؛ ئاندىن ئانا تاشنى يەنە يۇقىرىغا ئېتىپ، يەردىكى تۆت بالا تاشنى ئىككىدىن ئىككى قېتىم سىيرىپ ئالىدۇ، ھەر قېتىمدا ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. بىرىنچى قېتىم ئىككى تاشنى ئېلىۋاتقاندا قالغان بىر جۈپ تاش مىدىرلاپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ باسقۇچنىڭ قوشقى مۇنداق:

ئۆزۈم —
قاراپ تۇرغان كۆزۈم.
چوڭ ئۆزۈم،
چوڭ بولاي،
چوكان بولاي.
قوشمۇ قوش،
قوشادا قوش.
ئۈگرىدە ئاش،
باغرىمدا باش.





ئۈچىنچى باسقۇچ: ئوينىغۇچى بەش تاشنى ئوڭ قولىدا سىقىملاپ تۇرۇپ، ئانا تاشنى باشتىكى ئۇسۇل بويىچە يۇقىرىغا ئېتىپ، قالغان تۆت بالا تاشنى يەرگە چاچىدۇ ــ دە، ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىپ، قايتا يۇقىرىغا ئېتىپ، بىرىنچى قېتىمدا ئۈچ بالا تاشنى، ئىككىنچى قېتىمدا قالغان بىر بالا تاشنى سىيرىپ ئالىدۇ. ھەر قېتىمدا ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ، ئۈچ بالا تاش يەردىن بىراقلا ئېلىنغاندا، قالغان بىر بالا تاش مىدىرلاپ كەتمەسلىكى لازىم. بۇ باسقۇچنىڭ قوشىقى مۇنداق:



قوشى —
قوش قۇلاقنىڭ گۆشى.
ئۈچ ئۈزۈم.
ئۈچىنى مەن تۇغدۇرىمەن،
ئوسما ئېلىپ قويدۇرىمەن.

تۆتىنچى باسقۇچ: ئوينىغۇچى ئوخشاشلا بەش تاشنى ئوڭ قولىدا تۇتۇپ، ئانا تاشنى ئالدىنقى باسقۇچتىكىدەك يۇقىرىغا ئاتىدۇ، كېيىن قالغان تۆت بالا تاشنى يەرگە چاچىدۇ ــ دە، ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋېلىپ، يەنە يۇقىرىغا ئېتىپ، يەردىكى تۆت بالا تاشنى بىر قېتىمدا سىيرىپ ئېلىپلا، ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. بۇ باسقۇچنىڭ قوشىقى مۇنداق:



توكى ــ سوكى،
سېغىزغاننىڭ پوقى.
قوش توك ــ توك،
ھەم قوشى،
ھەم توك ــ توك،
مانا توك ــ توك،
بۆلەك ئويناشقا يوق.



بەشىنچى باسقۇچ: ئوينىغۇچى بەش تاشنى يەرگە چېچىپ، ئانا تاشنى ئايرىپ ئالىدۇ. ئاندىن سول قولىنىڭ ئالقىنىنى يەرگە قويۇپ، بەش بارمىقىنى سەل يېيىپ، باش بارمىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئارىلىقىدا ئەگمە بوشلۇق، يەنى «ھويلا»نى ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن ئانا تاشنى ئايرىم ــ ئايرىم يۇقىرىغا ئېتىپ، بالا تاشلارنى بىر ــ بىرلەپ «ھويلا»غا ئالقان ئاستىغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ، ھەر قېتىمدا ئانا تاشنى يەرگە چۈشۈر-



مەي تۇتۇۋالىدۇ. بىر بالا تاش ئېتىرىلگەندە قالغان بالا تاشلار مىدىرلاپ كەتمەسلىكى
كېرەك، ئەگەر مىدىرلاپ كەتسە ياكى ئېتىرىلگەن بالا تاش «هويلا»غا كىرمىسە، يېڭىلـ
گەن هېسابلىنىپ شۇ قىزنىڭ ئويناش نۆۋىتى تۈگەيدۇ. بۇ باسقۇچتىكى قوشاق مۇنداق:

هويلا،
بىر هويلا.
هويلا،
ئىككى هويلا.
هويلا،
ئۈچ هويلا.
هويلا،
تۆت هويلا.
بۇ هويلا يوغان هويلا،
ئولتۇرىسىدا ئەينۇلا.
......

ئوينىغۇچى تاشلارنىڭ هەممىسىنى «هويلا»غا كىرگۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، ئانا تاشنى
يەنە يۇقىرىغا ئېتىپ، تۆت بالا تاشنى يەردىن بىر دودىلا سىيرىپ ئالىدۇ ـ دە، ئانا تاش-
نى يەرگە چۈشۈرمەي تۇتۇۋالىدۇ. ئەگەر قايسى باسقۇچتا ئانا تاش يەرگە چۈشۈپ كەت-
سە، باشقا بالا تاشلار مىدىرلاپ كەتسە ياكى بالا يەردىن سىيرىپ ئېلىنىۋاتقاندا بىرەر تال
چۈشۈپ كەتسە، ئوينىغۇچىنىڭ نۆۋىتى شۇ يەردە توختاپ، باشقىلار ئوينايدۇ، ئىككىنچى
قېتىم نۆۋەت كەلگەندە ئويۇن ئالدىنقى قېتىم توختاپ قالغان يەردىن باشلىنىدۇ.
ئالتىنچى باسقۇچ: يۇقىرىدىكى جەريانلار ئوڭۇشلۇق تاماملانغاندىن كېيىن، ئوينـ
غۇچى بەش تاشنى سىقىملاپ تۇتۇپ بىراقلا يۇقىرىغا ئېتىپ، يۇقىرىدىن چۈشۈۋاتقان
بەش تاشنى قولىنىڭ كەينىدە توختىتىشقا تىرىشىدۇ، قولىنىڭ كەينىدە نەچچە تاش توخـ
تىسا، شۇ تاشنى قولىنىڭ دۈمبىسى بىلەن يەنە يۇقىرىغا ئېتىپ، هەممىسىنى ئالقىنى بىلەن
تۇتۇۋېلىش كويىدا بولىدۇ، تاشنى قانچە كۆپ تۇتالىسا، شۇنچە كۆپ نومۇرغا ئېرىشـ
دۇ. كىم ئۇتۇقلۇق ئويناپ، نومۇرنى كۆپ ئالسا، شۇ ئۇتقان بولىدۇ.
بۇ ئويۇن قىزلارنى چىچەن، سەۋرچان، ئۇمدۋار، تەرتىپلىك بولۇشقا يېتەكلەيدۇ،
سۆز بىلەن هەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇشقا ۋە قوشاق توقۇشقا ئۆگىتىدۇ، كۆز، قول ۋە ئې-
غىز قاتارلىق ئەزالارنىڭ ماس هەرىكەتلىرى ئارقىلىق ئۆسمۈرلەرنى چاققان، زېرەك قى-
لىپ يېتىلدۈرىدۇ.

# «تەپكۈچ» ئويۇنى

«تەپكۈچ» ئويۇنى ئاساسەن باللار ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇر باللىرى ئىچىدە ئوينىلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزۇن.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى، دانىشمەن تىلشۇناسى مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق ئەسىرىدە: «تەپكۈچ باللار تېپىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق. تەپكۈچ دۈگىلەك قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرى ئۆتكۈزۈپ ياسىلىدۇ» دەپ يازغانىدى (بىرىنچى توم، 501 ـ بەت). بۇنىڭدىن تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدە XI ئەسىردىنمۇ بۇرۇن بارلىقىنى، تارىخىنىڭمۇ بىرقەدەر ئۇزۇن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىشقا بولىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، تەپكۈچ ھەممە دەۋرلەردە ئوينىلىپ، تا ھازىرغا قەدەر ساقلىنىپ كەلمەكتە.

تەپكۈچ قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرى ئۆتكۈزۈلۈپ ياسىلىدىغانلىقىغا قارىغاندا، چارۋىچىلىق، دېھقانچىلىق ۋە قوشۇمچە قول ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر مىللىتى ئىچىدە كۆپرەك ئوينالغان مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇندۇر.

تەپكۈچ ئادەتتە چوڭراق تۈگمە ۋە قوغۇشۇننىڭ تۆشۈكىگە ياكى داچەن، يارماقلارنىڭ تۆشۈكىگە ئۆچكە چۇپۇرى، توشقان تىۋىتى ياكى خورازنىڭ بويۇن پېيى ئۆتكۈزۈلۈپ ياسىلىدۇ. تەپكۈچ ئويۇنىغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. قانچە ئادەم قاتناشسا بولۇۋېرىدۇ. تەپكۈچ ئويۇنى بىرنەچچە كىشى بىر تەرەپ بولۇپ، كوللېكتىپ ياكى يەكمۇ ئوينىلىدۇ.

تەپكۈچ تېپىشنىڭ شەكىللىرى ــ ئۆزمەي ئالدىچە تېپىش، ئارقىچە تېپىش، بىر پۇتنى يەرگە تىرەپ يەنە بىر پۇتنىڭ دۈمبىسى بىلەن تېپىش، يۆتكىلىپ بىر پۇتنىڭ دۈمبىسى بىلەن تېپىش، پۇتنىڭ ئىچ يېنى بويىچە تېپىش، پاچاق ئۈستىدە تېپىش، ئىككى پۇتنىڭ ئىچ يېنى ۋە سىرت يېنى بىلەن نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېپىش، سەكرەپ چىقىپ پۇتنىڭ ئىچ يېنى ۋە دۈمبىسى بىلەن تېپىش، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئادەم ئۇدۇل تۇرۇپ نۆۋەتلەشتۈرۈپ تېپىش قاتارلىقلاردۇر.

مۇسابىقىلىشىش ئۇسۇلى: بۇرۇن بۇ ئويۇن مۇسابىقىسىدە ۋاقىت چەكلىمىسى بولمايتتى. قانچە خىل تېپىش ئۇسۇلى بويىچە مۇسابىقىلىشىشنى ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار كېڭىشىپ بەلگىلەيتتى، دائىرە سىزىق چەكلىمىسىمۇ بولمايتتى. ھازىر ئىككى مۇسابىقە





شەكلى قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

(1) ۋاقىتقا قاراپ نۆۋەت بىلەن تېپىش: ھەر قېتىملىق مۇسابىقە بەلگىلەنگەن ۋاـ
قىتقا قەدەر داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا بىر پۇت بىلەن تېپىشكىمۇ، ئىككى پۇت بىلەن تېپىشـ
كىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ھەر قېتىم تەپكەندە، تەپكۈچ تەپكەن پۇت يەرگە بىر قېتىم چۈـ
شۈشى كېرەك، ئېسىلدۇرۇپ تېپىشكە بولمايدۇ. تېپىشتە تېز ھەم تېزنىڭ تۆۋەنكى قىسـ
مىدا تېپىلسە كۆچكە ئىگە بولىدۇ. مۇسابىقە مەلۇم دائىرە ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پۇتنى
يەرگە تەگكۈزمەي تېپىش، قول بىلەن تۇتۇۋېلىش، دائىرە سىزىقىدىن پۇتى چىقىپ كېـ
تىشلەرنىڭ ھەممىسى بىر قېتىم ئۇتتۇرۇپ قويغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئاخىرىدا تېپىش قېتىم
سانى كۆپ بولغان تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

(2) ۋاقىتقا قارىماي تېپىش: بۇنىڭدىمۇ نۆۋەت بىلەن تېپىش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.
لېكىن، ۋاقىت چەكلىمىسى بولمايدۇ. بىر ئايلانما مۇسابىقىدە، تېپىش قېتىم سانى كۆپ
بولغان تەرەپ ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.



## «بۆشۈك» ئويۇنى

«بۆشۈك ئويۇنى» ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، قىزلارنىڭ ئائىلىۋى تەربىيە ئېلىشىدا، ياخشى ئەخلاق يېتىلدۈرۈشىدە بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ئويۇن ئۇيغۇرلار بۆشۈكتىن پايدىلىنىپ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ھەر جەھەتتىن ساغلام يېتىلدۈرۈشكە ئادەتلەنگەندىن باشلاپلا، ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئارىسىغا سىڭىپ كىرگەن ھەمدە بەلگىلىك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىپ، بۈگۈنكى كۈندىكى تاكامۇللاشقان «بۆشۈك» ئويۇنى ھالىتىگە كەلگەن. ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى بۇ ئويۇننى





3 ـ 4 ياشقا كىرگەندىن باشلاپلا ئوخشىمىغان ئۇسۇل ۋە سەۋىيەدە ئويناپ، مەكتەپ يېشىغا يەتكەنگە قەدەر داۋاملاشتۇرىدۇ.

«بۆشۈك» ئويۇنى ھەرقانداق پەسىلدە ئوينالسا بولۇۋېرىدۇ. ئورۇن جەھەتتە ئۆي، ھويلا، دەرەخ سايىسى چۈشىدىغان پاكىز سەينالاردا ۋە يەسلىلەردە ئوينىلىدۇ، بۇ ئويۇننى ئادەتتە ئاز بولغاندا بىر، كۆپ بولغاندا بىرقانچە قىز ئوينايدۇ.

بۇ ئويۇننى ئويناش ئۈچۈن قىز ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئۆزىگە لايىق بىر بۆشۈككە، شۇ بۆشۈككە لازىملىق ھەر خىل «جابدۇق» ۋە قوشۇمچە سايمانلارغا ئىگە بولىدۇ، ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرى ۋە ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغانلىرى بويىچە بۆشۈكنىڭ ھەممە سايمانلىرىنى تەرتىپ بويىچە ئۆز ئورنىغا جايلاشتۇرىدۇ. پارچە-پۇرات لاتىلاردىن پايدىلىنىپ ئوغۇل ياكى قىز «بالا» ياسايدۇ.

قىزلار ئاۋۋال بۆشۈك، «جابدۇق» ۋە «بالا»لارنى ئېلىپ خالىغان بىر مەيدانغا بېرىپ، ئۆزئارا يېقىن ئۆتۈشىدىغانلىرىنى ئاساس قىلىپ گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن شۇ قېتىملىق ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئارىسىدىن بىر قىزنى ئويۇننى باشلاپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىدۇ ياكى كىمنىڭ باشتا ئوينىشىنى مۇۋاپىق ئۇسۇل ئارقىلىق بېكىتىدۇ. بىر قىز ئويناۋاتقاندا، قالغانلار ئۆز بۆشۈكلىرى ۋە «بالا»لىرىنى بىر يانغا قويۇپ، ئويۇنچىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ تۇرىدۇ، ئەگەر شۇ نۆۋەتلىك ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەممىسى تەڭ ئويناشقا توغرا كەلسە، ھەممەيلەننىڭ تەييارلىقى پۈتكەندىن كېيىن، بىرەيلەن ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ، بىر پۈتۈن جەرياندىن كېيىن ئاخىرلاشقانلىقىنى ئېلان قىلىدۇ. مەيلى بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار تەڭ ئوينىسۇن ياكى بىرەيلەن ئويناپ قالغانلار قاراپ تۇرسۇن، ئوخشاشلا بۆشۈكنىڭ باش ـ ئايىغىنى پەرق ئېتىپ، «هودا»، «جاك»، «جاك چەمبىرىكى»، «شۈمەك»، «زاكا»، «قولتارتقۇ»، «ياستۇق» قاتارلىق جابدۇقلىرىنى ئۆز تەرتىپى بىلەن ئۆز جايىغا رەتلىك قويۇپ، «بالا»نى ياتقۇزۇپ بۆشۈككە بۆلەيدۇ. بۆلىنىپ بولغان «بالا»نىڭ ئۈستىگە بۆشۈك ياپقۇچىنى يېپىپ، «بالا»نى «ئەللەي» ئېيتىپ «ئۇيقۇ»غا كىرگۈزىدۇ، ھەتتا بەزى قىزلار ئانىسىدىن ئۆگىنىۋالغان ئەللەي ناخشىلىرىنى ئېيتىدۇ.

ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى بۇ ئويۇن ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانى، ئانىسىنىڭ ئۆزىنى چوڭ قىلىشتا سەرپ قىلغان يۈرەك قېنى قاتارلىقلارنى ئاز-تولا تونۇپ يېتىپ، ئاتا-ئانا قەدرىگە، بولۇپمۇ ئانىنىڭ قەدرىگە يېتىدۇ؛ تۇرمۇشنىڭ ئۇششاق تەرەپلىرىگىچە دىققەت قىلىپ، كىچىكىدىنلا بۆشۈك ۋە ئۇنىڭغا كېتىدىغان ھەر خىل «جابدۇق»لارنى تەييارلاشنى ئۆگىنىدۇ؛ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدا بۆشۈكنىڭ قانچىلىك مۇھىم رول ئوينىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ.

## «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنى





«ئاق تېرەك، كۆك تېرەك»
ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى
ئۈزۈلۈكسىز داۋام قىلدۇرۇپ كەلگەن ئەنئەنىۋى ئو-
يۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئادەتتە ياز ۋە كۈزدە ئويناشقا باب
كېلىدۇ. تېرەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئورمانچىلىقىدا مۇھىم ئورۇن تۇتـ-
دۇ، شۇڭا ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىمۇ تېرەكنى قەدىرلەپ ئۆز ئويۇنلىرىنىڭ
ئىسمى قىلغان. «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك» ئويۇنى ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى خىلدا، ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان قىز ـ ئوغۇللار مەھەللە ـ كويلاردا
يىغىلىپ، ئۆزلىرى ئارىسىدىن كۆرسىتىلگەن ئىككى «ئانا»نىڭ رەمبۇت ئېلىشى ئارقىلىق
ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ئىككى گۇرۇپپا ئۆز «ئانا»سىنى قاتارنىڭ بېشىغا
ئېلىپ، 30 ـ 35 مېتىر ئارىلىقتا بىر ـ بىرىگە قاراپ تۇرۇشىدۇ.

ئىككى تەرەپ ئەزالىرى ئۆز ئورۇنلىرىدا راۋرۇس تۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى
«ئانا» ئۆزئارا پۈتۈشۈپ سوئال قويغۇچى، جاۋاب بەرگۈچىگە ئايرىلىدۇ. ئويۇننىڭ
تۇنجى قەدىمى سوئال قويغۇچى گۇرۇپپىدىن باشلىنىدۇ. سوئال قويغۇچى تەرەپتىكى



«ئانا»: «ئاق تېرەك، كۆك تېرەك، بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟» دەيدۇ. جاۋاب بەر-
گۈچى تەرەپتىكى «ئانا»: «قولى ئەپچىل ھەر ئىشتا، ئوقۇشتىمۇ بەك ياخشى، بىزگە
پالانچى كېرەك» دەپ قارشى تەرەپتىن مەلۇم بىر بالىنىڭ ئىسمىنى ئاتايدۇ. ئىسمى ئا-
تالغان بالا ئۆز سېپىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىر ئالقىنىنى ئېچىپ تۇرغان قارشى تەرەپ
ئەزالىرىدىن ئۆزى خالىغان بىرەيلەننىڭ ئالقىنىغا بىرنى ئۇرۇپلا ئۆز سېپىگە قاراپ قا-
چىدۇ. ئالقىنى ئۇرۇلغان بالا ئۇرغۇچىنى قوغلاپ ئۆز ئەزالىرىنىڭ سېپىگە كىرىۋالغۇچە
تۇتۇۋالالىسا، تۇتۇلۇپ قالغۇچىنى «ئەسىر» ھېسابىدا ئېلىپ قايتىدۇ؛ ئۇرغۇچىنى تۇتال-
ماي قالسا، ئۆزى قارشى تەرەپكە «تۇتقۇن» بولۇپ كېتىدۇ. ئويۇننىڭ كېيىنكى باسقۇ-
چىدىمۇ سوئال سورىغۇچى بىلەن جاۋاب بەرگۈچىنىڭ نۆۋىتى ئالمىشىپ، يۇقىرىقى مەز-
مۇنلار تەكرارلىنىدۇ. دېمەك، ئويۇن بىر تەرەپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى قارشى تەرەپ-
كە «تۇتقۇن» ياكى «ئەسىر» قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن تۈگەيدۇ. خۇلاسىدە، ئەزالىرى
«ئەسىر» ياكى «تۇتقۇن» قىلىنغان تەرەپ يېڭىلگەن بولىدۇ.

ئىككىنچى خىلدا، ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان قىز ـ ئوغۇللار ئوخشاشلا ئىككى
«ئانا»نىڭ تاللىشى بىلەن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن ھەربىر گۇرۇپپا ئەزالىرى
قوللىرىنى تۇتۇشۇپ، ئۆز ئالدىغا سەپ تۈزۈپ ئېيتىشىشنى باشلايدۇ.



«ئا» گۇرۇپپا: ئاق تېرەك، كۆك تېرەك،
بىزدىن سىزگە كىم كېرەك؟
«ب» گۇرۇپپا: باتۇر ـ باتۇر قىز كېرەك.
«ئا» گۇرۇپپا: قىزنىڭ ئىسمى نېمەدۇر؟
«ب» گۇرۇپپا: قىزنىڭ ئىسمى مەلىكەم.
«ئا» گۇرۇپپا: كۆچۈك يەتسە ئال كېلىپ،
سېپىمىزنى سەن يېرىپ.
«ب» گۇرۇپپا: چۇۋىق بىلەن ئۇرىمىز، كەمە-
پۆت بېرىپ ئالدايمىز.
«ئا» گۇرۇپپا: ئۇنىڭغىمۇ ئۇنىمايمىز، كۆ-
چۆگىلەرنى سىنايمىز.

شۇنىڭ بىلەن «ب» گۇرۇپپىدىكى سەپنىڭ بېشىدا تۇرغان بالا ئېتىلىپ بېرىپ «ئا»
گۇرۇپپىنىڭ خالىغان يېرىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولىدۇ. «ئا» گۇرۇپپا ئەزالىرى قول-
لىرىنى تېخىمۇ چىڭ تۇتۇشۇپ قارشى تەرەپنىڭ ئۆز سېپىنى پارچىلىشىغا يول قويماسلىق-
قا تىرىشىدۇ. ئەگەر «ئا» گۇرۇپپىنىڭ سېپى قارشى تەرەپ ئەزاسى تەرىپىدىن بۇزۇپ

تاشلانسا، قولى بوشاپ كەتكەن ئىككى بالىدىن بىرى قارشى تەرەپكە «ئەسىر» بولىدۇ. ناۋادا ھۇجۇمغا ئۆتكۈچى بالا قارشى تەرەپ تۈزگەن سەپنىڭ خالىغان يېرىدىن بۆسۈپ ئۆتەلمەي قالسا، قارشى تەرەپكە «ئەسىر» بولىدۇ. ئويۇن بىر نۆۋەت «ئا» گۇرۇپپا، بىر نۆۋەت «ب» گۇرۇپپا تەرىپىدىن باشلىنىپ داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلارغا ئۆم-ئىناقلىقنىڭ ھەرقانداق ئىشنىڭ غەلىبىسى ئىكەنلىكىنى تونۇتىدۇ. «پادىدىن ئايرىلغاننى بۆرە يەر» دېگەن ھەقىقەتنى بالىلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرىدۇ.



## «قاپاق تېرىدىم» ئويۇنى

«قاپاق تېرىدىم» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن ئىجاد قىلىنىپ، ئەسىرلەر بويى ئوينىلىپ كېلىۋاتقان روشەن خاسلىققا ئىگە ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، بىر يىلنىڭ ھەممە پەسىللىرىدە، خالىغان سورۇنلاردا ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ، پەقەت ئويۇن سورۇنىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلەنسە بولىدۇ. بۇ ئويۇن سۇۋارى ساناش ۋە ئاتلاپ ساناش دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ، ئەمما ھەر ئىككى تۈرنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئويۇن سورۇنىنىڭ خالىغان يېرىدىن ئورۇن ئېلىپ چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ، ئاندىن بىرەيلەن قويۇپ ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ ھەربىرىگە ئىسىم ئورنىدا بىردىن رەقەمنى بەلگىلەپ بېرىدۇ، مەسىلەن: سۇۋارى ساناش بولغان بولسا1، 2، 3 ... ئاتلاپ ساناش بولغان بولسا1، 3، 5 ... ياكى2، 4، 6 ... دېگەندەك. ھەربىر بالا ئۆزىنىڭ شەرتلىك نومۇرىنى ئېنىق بىلىۋالغاندىن كېيىن، سورۇندىكىلەرگە





نومۇر بەلگىلىگەن ھېلىقى بالا ئويۇننى باشلاپ: «قاپاق تېرىدىم، تېرىدىم X چۈشتى» دەپ شۇ سورۇندىكى بىرىنىڭ رەقەم ئىسمىنى ئاتايدۇ. رەقەم ئىسمى ئاتالغان بالا شۇئان سۆز ئېلىپ: « X نېمىشقا چۈشىدۇ؟» دەپ سورايدۇ. ئويۇننى باشلاپ بەرگەن بالا: « X چۈشمەي قانچە چۈشىدۇ؟» دەپ قايتۇرۇپ سورىغاندا، رەقەم ئىسمى دەسلەپ ئاتالغان بالا: « Y چۈشىدۇ» دەپ باشقا بالىنىڭ شەرتلىك نومۇرىنى ئاتايدۇ. رەقەم ئىسمى ئاتالغان بۇ بالىمۇ يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر ئارىلىقتا كىم گەپتىن ئېزىپ كەتسە ياكى دۇدۇقلاپ قالسا ئويۇن توختىتىلىپ، ئويۇننى بۇزغۇچىغا ئالدىن بېكىتىلگەن «جازا» ئىجرا قىلىنىپ، كېيىن ئويۇن جازالانغۇچى تەرەپىدىن داۋاملاشتۇرۇلىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ناتىقلىق ۋە ئىنكاس قايتۇرۇش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ، سەزگۈرلۈكىنى، مۇنازىرىلىشىش قابىلىيىتىنى ئاشۇرىدۇ.



## «ئىلىشماق» ئويۇنى

«ئىلىشماق» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان ئويۇن بولۇپ، بىر يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە ئوينىلىدۇ.

«ئىلىشماق» ئويۇننى ئىككى قىز بىر ـ بىرىگە قارشى ئوينايدۇ، ئاۋۋال بىر مېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شوينىنىڭ ئىككى ئۇچىنى چېتىپ، ئاندىن ئويۇننى باشلاش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. بۇ ئويۇن بىرقانچە باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. بۇ يەردە پەقەت «ئىلىشماق» ئويۇنىنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدىن ئالتىنچى باسقۇچىغىچە بولغان ھەرىكەتلەر تونۇشتۇرۇلىدۇ.

بىرىنچى باسقۇچ: ئويۇن باشلىغۇچى «ئا» قىز ئىككى قولىنىڭ باش بارمىقىنى تىك تۇتۇپ، قالغان تۆت بارمىقىنى جۈپلەپ، ئىككى ئالقىنىنى بىر ـ بىرىگە ئۇدۇل قىلىپ تۇتىدۇ. ئىككى قولىنىڭ جۈپلەنگەن تۆت بارمىقىنى ھالقىسمان شوينىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىرگۈزۈپ تۇرۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر ئايلاندۇرۇپ، قولىغا يۆگەلگەن شوينىنى ئالقىنىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى ئوتتۇرا بارمىقىغا ئىلىپ ئىككى يانغا تارتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۈستىگە قىيپاشىراق ئورۇنلاشقان ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسى ھاسىل بولىدۇ.



ئىككىنچى باسقۇچ: «ب» قىز ھەر ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى ئىككى قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا قىسىپ، ئىككى يانغا تارتىپ تۇرۇپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر ئايلاندۇ.





رۇپ، تۆت بارمىقنى تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۈستى تەرەپكە كۆتۈرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كېسىشكەن بىر جۈپ كۆپەيتىش بەلگىسى — «گىلەم» ھاسىل بولىدۇ.

ئۈچىنچى باسقۇچ: «ئا» قىزنىڭ تىك تۆتبۇلۇڭ ئىچىدىكى بىر جۈپ كۆپەيتىش بەلگىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى يەنىلا ئىككى قولىنىڭ باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا قىسىپ تۇتۇپ، تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا ئاتلىنىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر ئايلاندۇرىدۇ. بۇ چاغدا يان تەرىپى ئىككى قات، تىك تەرىپى بىر قات شوينىدىن تۈزۈلگەن تىك تۆتبۇلۇڭ — «لەڭمەن» ھاسىل بولىدۇ.

تۆتىنچى باسقۇچ: «ب» قىز تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ئىككى تال يالاڭ شوينىنى ئىككى چىمچىلىقى بىلەن ئالماپ ئېلىپ، تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ يان تەرىپىنى تەشكىل قىلغان ئىككى قات شوينىنى ئىككى باش بارمىقىغا ئېلىپ، ئۈستى تەرەپكە كۆتۈرىدۇ. بۇ چاغدا «بۆشۈك» شەكلى ياكى بىرىنچى باسقۇچتا پەيدا بولغان شەكىلنىڭ داۋام كۆمتۈرۈلگەن كۆرۈنۈشى ھاسىل بولىدۇ.

بەشىنچى باسقۇچ: «ئا» قىز «بۆشۈك»نىڭ ئىككى يان تەرىپىدىكى ھەر ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى ئىككى باش بارمىقى ۋە بىگىز بارمىقىدا قىسىپ ئىككى يانغا تارتىپ، ئۈستى تەرەپتىكى يالاڭ شوينىنىڭ ئۈستىدىن ئاتلىتىپ، تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپلا ئىككى يانغا تارتىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ھەر ئىككى ئالقان يانتۇ بولۇپ، تىك تۆتبۇلۇڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا كېسىشكەن ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسى، يەنى ئىككىنچى باسقۇچتا ھاسىل بولغان «گىلەم»نىڭ داۋام ھالەتتىكى كۆرۈنۈشى شەكىللىنىدۇ.

ئالتىنچى باسقۇچ: «ب» قىز تىك تۆتبۇلۇڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسىنىڭ كېسىشىش نۇقتىسىنى ئىككى باش بارمىقى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقىدا قىسىپ تۇتۇپ، تىك تۆتبۇلۇڭنىڭ ئىچىدىن سىرتىغا ئاتلىنىپ يۇقىرىدىن تۆۋەنگە بىر ئايلاندۇرىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئىككى يان تەرىپى ئەگرى - بۈگرى كەلگەن ئىككى تال شوينىدىن، ئىككى توغرا تەرىپى يەككە شوينىدىن تۈزۈلۈپ، ئىچكى قىسمىدا ئۆزئارا تۇتاش ئىككى كۆپەيتىش بەلگىسىنى شەكىللەندۈرگەن بىر مۇرەككەپ شەكىل پەيدا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەم - باسقۇچلاردا ھاسىل بولىدىغان شەكىللەر ئالدىنقى باسقۇچلاردىكىدىن ھالقىپ كەتمەيدۇ.

دېمەك، «ئىلىشماق» ئويۇندا باش بارماق، كۆرسەتكۈچ بارماق، چىمچىلاق ئاساسلىق رول ئوينايدۇ.

باللار بۇ ئويۇن ئارقىلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇپ، شەيئىلەرنىڭ ئالاھىدە بەلگىلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئارقىلىق ئومۇمىي قانۇنىيىتى بىلەن تونۇشۇپ، يىپقى ۋە مۇرەككەپ نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا پىكىر يۈرگۈزىدىغان بولىدۇ.

## «چېلىشىش» ئويۇنى



ھۆرمەتلىك ئۆسمۈر
دوستلار، ئىلگىرىكى دەۋرلەردە
خەلقىمىز ئۆز ئىچىدىن چىققان
چېلىشچىلارنى «نوچى» دەپ
بېشىدا كۆتۈرەتتى، ئۇلارنى
ھۆرمەت قىلاتتى. بىرەر جېدەل-
نى، تالاش - تارتىشنى ھەل قىل-
ماقچى بولسا، زىتلىشىپ قالغان
ئىككى تەرەپتىن بىردىن نوچى
مەيدانغا چۈشۈپ، چېلىشىپ ھەل
قىلاتتى.

شۇڭا ئۇ زامانلاردا يۇرتى-
مىزدىن داڭلىق چېلىشچىلار ناھا-
يىتى كۆپ بولاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇنىڭدىن يۈز يىللار ئىلگىرى ياشىغان ئا-
تۇشلۇق ھېيت نوچى دېگەن چېلىشچىغا پالۋانلىق ۋە كۈچلۈكلۈكتە تەڭ كېلىدىغان ئا-
دەم چىقماس ئىكەن. ئۇ شىمالغا بېرىپ - كېلىپ تۇرىدىكەن. يول ئۈستىدە 25 چارەك
ئەتراپىدىكى بىر تاش بولۇپ، بۇ تاشنى ھېيت نوچى شىمالغا ماڭغاندا، شىمال تەرەپكە
100 قەدەم يۆتكەپ قويىدىكەن. بۇنىڭدىن كىشىلەر «ھېيت نوچى شىمالغا كېتىپتۇ» دې-
يىشىدىكەن. قايتىشتا بۇ تاشنى ئۆز ئورنىغا يۆتكەپ قويىدىكەن. بۇنىڭدىن كىشىلەر
«ھېيت نوچى «قايتىپ كەپتۇ» دېيىشىدىكەن. بۇ داڭلىق پالۋان روسىيەگىمۇ چىقىپ،
پالۋانلىقتا داڭ چىقارغان بولۇپ، كېيىنكى چاغلاردا ھەسەتخور رەقىبلىرى بۇنىڭغا تەڭ
كېلەلمىگەنلىكتىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈۋەتكەنىكەن.

يېقىنقى زاماندىن سۆز ئاچساق، ئابلىز توخسۇن ئاپتونوم رايونىمىزدا ھەممە كىشى
بىلىدىغان پالۋانلارنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى دەۋرىدە غۇلجىدا ئېلىپ
بېرىلغان چېلىشىش سورۇنلىرىدا باشقىلار تەڭ كېلەلمەيدىغان پالۋان بولۇپ داڭ چىقار-
غان. كېيىنكى چاغلاردا ئاپتونوم رايون، غەربىي شىمال ۋە مەملىكەت بويىچە ئۆتكۈ-




زۇلگەن چېلىشىش مۇسابىقىلىرىگە قاتنىشىپ ئەلا نەتىجىلەرگە ئېرىشكەن.

1958- يىلى ئاپتونوم رايونىمىزدا كەسپىي ئىشتاتلىق چېلىشىش كوماندىسى قۇرۇلدى. شۇنىڭدىن باشلاپ رايونىمىزدا ھەر خىل چېلىشىش كوماندىلىرى قۇرۇلۇپ، بۇ يەردە تەربىيەلەنگەن ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت چېلىشچىلىرى مەملىكەتلىك ۋە خەلقئارالىق مۇسابىقىلەردە «چېلىشىش چېمپىيونلىرى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشتى. ئاپتونوم رايونلۇق چېلىشىش كوماندىسى چېلىشىش تېخنىكا ماھارىتى جەھەتتە مەملىكىتىمىزدىكى ئالدىنقى رەتتىكى كوماندا بولۇپ كەلدى.

ئاپتونوم رايونىمىز پۈتۈن تەنھەرىكەت تۈرلىرىدە ئېرىشكەن نەتىجىلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى چېلىشىش تۈرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئاپتونوم رايونىمىزدىن 20 نەپەردىن ئارتۇق چېلىشىش ماھىرى ياپونىيە، مىسىر، سابىق يۇگوسلاۋىيە، ئامېرىكا، ئىران، كورېيە قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەتكە چىقىپ چېلىشىپ ياخشى ۋە ئەلا نەتىجىلەرنى ياراتتى. مەسىلەن، 1984 - يىلى مىسىردا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق تەكلىپ مۇسابىقىدىكى 68 كىلوگراملىق چېلىشىش تۈرىدە پالۋان ھاجى بىرىنچى بولۇپ رايونىمىزغا شەرەپ كەلتۈردى. دېمەك، چېلىشىشتىن ئىبارەت بۇ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە تۈرى بىزنىڭ جىسمانىي ۋە مەنىۋىيىتىمىزنى بېيىتقاندىن سىرت، ئۆزىمىزنى جاھانغا نامايان قىلىدىغان ئەڭ ياخشى كۆزنەك ساھەلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئېيتىشلاردا بولسۇنكى، بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇلار ئۆزى ئوقۇۋاتقان مەكتەپلەردە، ھەتتا چوڭ - چوڭ سەھنىلەردە يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرماقتا. بۇ ھەربىر ئۆسمۈرگە ئىلھامدۇر، ئەلۋەتتە.

چېلىشىش ئۇسۇلى:



تاماشىبىنلارنىڭ ئاز - كۆپلۈكىگە قاراپ بوز توپىلىق ياكى قۇملۇق تەكشى يەردە چېلىشىش سورۇنى تۈزۈلىدۇ. تاماشىبىنلار سورۇننى چۆرىدەپ دۈگلەك ھالدا ئولتۇرىدۇ. چېلىشچىلار مىللىيچە كىيىملىرىنى كىيىشىپ، بەلباغ باغلاپ مەيدانغا چۈشىدۇ. بىردىن ئىككىگىچە ئادەم چېلىشىشنى باشقۇرىدۇ. چېلىشىش رەسمىي باشلانغاندا، ئىككى سورۇنبېشى چېلىشماقچى بولغان باللارنى بىر - بىرلەپ تەكلىپ قىلىپ چېلىشقا سالىدۇ ھەمدە چېلىشماقچى بولغان ئىككى بالىغا چېلىشىشتا بىلىۋېلىشقا ۋە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك

نۇقتىلارنى ئەسكەرتىپ ئۆتىدۇ. چېلىشىش ئالدىدا تۇرغان ئىككى بالا نۆۋەت بىلەن بىر - بىرىنىڭ بېلىدىكى پوتىنى راۋرۇس تۇتۇۋالغانلىقىنى ئىلىك ئېلىشقاندىن كېيىن چېلىشىدۇ. بۇ خىل چېلىشىش ئۇيغۇرچە بولغاچقا، ئۇيغۇرچە چېلىشىشنىڭ بىر يۈرۈش قائىدىلىرىگە يات ھەرقانداق ھەرىكەت چەكلىنىدۇ، ئەگەر چېلىشىۋاتقان بالىلاردىن بىرى چېلىشىشنىڭ قائىدىسىگە خىلاپ كېلىدىغان قىلىقنى بىر مەيداندا ئىككى قېتىم سادىر قىلسا، ئۇنىڭ شۇ كۈنلۈك چېلىشىش ھوقۇقى ئېلىپ تاشلىنىدۇ. بىر تەرەپ قائىدىسىزلىك قىلىپ قارشى تەرەپنى يىقىتىپ قويسا، نەتىجە يەنىلا قائىدىلىك چېلىشقۇچىغا مەنسۇپ بولىدۇ. بۇ خىل چېلىشىشتا يىقىتقۇچى يىقىلغۇچىنى ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ قويىدۇ.

چېلىشىش سورۇنى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئىختىيارىي چېلىشىش. بۇ خىل چېلىشىشتا ئالدى بىلەن يېشى كىچىك بالىلارنى چېلىشىشقا چۈشۈرۈپ ئاستا - ئاستا يېشى چوڭلارغا تەرەققىي قىلىدۇ. ياش پەرقىنى ئاساس قىلىپ كەتمەيدۇ. كىم يىقىلسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىختىيارىي ھالدا يەنە بىرى چۈشىدۇ. چېلىشىش ئاشۇ تەرتىپتە داۋاملىشىپ ۋە تەرەققىي قىلىدۇ. ئىككىنچى خىلى بىر يۇرت بالىلىرى بىلەن يەنە بىر يۇرت بالىلىرى، بىر مەھەللە بالىلىرى بىلەن يەنە بىر مەھەللە بالىلىرى قارىمۇقارشى مۇسابىقىلىشىش خاراكتېرىنى ئالغان سورۇن تۈزۈلۈپ، ئىككى يۇرت ئۆز چېلىشچىلىرىنى ھەيۋەتلىك، سۈرلۈك قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ چېلىشىش ئۇسۇلى بىرقانچە خىل بولىدۇ:

1. چېلىشماقچى بولغان ئىككى تەرەپ بەلباغ باغلاپ مەيدانغا چۈشكەندىن كېيىن چېلىشىشنى باشقۇرغۇچىلار ئۇلارنى ئۆزئارا كۆرۈشتۈرۈپ، بىر - بىرىنىڭ بېلىدىن تۇتقۇزىدۇ. چېلىشچىلار بەلباغدىن ئوبدان تۇتۇشۇپ بولغاندىن كېيىن چېلىشىشنى باشلاش ئىشارىتى بېرىدۇ. بۇ ئىككى چېلىشچى بىر - بىرىنى كۆتۈرۈپ ئېتىش، كۆتۈرۈپ پىرقىرىتىپ ئېتىش، يانپاشقا ئېلىپ ئېتىش، بېشىدىن ھالقىتىپ ئېتىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى قوللىنىپ قايسى تەرەپ قارشى تەرەپنى يەرگە يىقىتسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. بۇ مەردانە چېلىشىش ئۇسۇلى بولۇپ، چىرماق، پەشۋا ئۇرۇش ھەرىكەتلىرىنى ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

2. چېلىشقۇچى ئىككى چېلىشچى بەلباغ باغلاپ مەيدانغا چۈشۈپ بەل تۇتۇشقاندىن كېيىن چېلىشىشنى باشقۇرغۇچى چېلىشىشنى باشلاش كوماندىسى بەرگەندىن كېيىن قانداقلا ھەرىكەت ئىشلەپ بولسۇن، بىر كىشى يەنە بىر كىشىنى يىقىتسىلا يەڭگەن بولىدۇ.

3. ئىككى چېلىشچى بېلىگە بەلباغ، ئوڭ پۇتىنىڭ يوتىسىغا پوتا باغلاپ مەيدانغا چۈشىدۇ. ئوڭ قولى بىلەن بەلباغنى، سول قولى بىلەن يوتىسىغا باغلانغان ياغلىقنى تۇتىدۇ. ئىككى چېلىشچى ئوبدان تۇتۇشۇپ بولغاندىن كېيىن چېلىشىشنى باشقۇرغۇچى باشلاش كوماندىسى بېرىدۇ. بۇ خىل چېلىشىش ئۇسۇلىدىمۇ ھەرىكەت چەكلىمىسى بول-





مايدۇ. كۆتۈرۈپ ئېتىش، يانپاشقا ئېلىپ ئېتىش، چىرماق سىلىپ ئېتىش، پەشۋا ئۇ-
رۇش، تۈرتۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنىڭ قايسىنى ئىشلىتىپ بولسۇن قارشى تەرەپنى يە-
قىتسىلا شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ. بۇ خىل چېلىشىش ئۇسۇلىدا ئۈچ قېتىم چېلىشىپ،
ئىككى قېتىم يىقىتقان كىشى غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

دېمەك، چېلىشىش ـــ ئادەمنى ھەم جىسمانىي، ھەم مەنىۋىي جەھەتتىن چېنىقتۇرى-
دىغان، بەردەم قىلىدىغان ئويۇندۇر.

ھۆرمەتلىك بالىلار، چېلىشىش پەۋقۇلئاددە ھازىرلىق تەلەپ قىلمايدۇ. ئەگەر بەلگە
باغلايدىغان پوتا بولمىسا، چاپاننىڭ كەينىنى، كەمەرنى تۇتۇپمۇ چېلىشۋەرگىلى بولىدۇ.
قۇملۇق، توپىلىق، چىملىق دېگەندەك يەرلەرنىڭ ھەممىسى ماس كېلىۋېرىدۇ. شۇڭا بىز
سىلەرنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇش جەريانىدا مەيدانلاردا، پادا بېقىش جەريانىدا يايلاقلار-
دا، مەھەللىدە ئويناش جەريانىدا توپلىق يوللاردا چېلىشىپ ئويناپ ئۆزۈڭلەرنى كۆ-
چۈڭلەرنى ئاشۇرۇشۇڭلارنى، خۇددى ھەممە ئادەمنى يېڭەلەيدىغاندەك كۆچ ـ غەيرەتكە
تولۇشۇڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

## «قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنى

«قارا ـ قارا قۇشلارىم» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ـ ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا
بىرقەدەر كەڭ تارقالغان، مەزمۇنغا باي ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەممە پەسىلدە
ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇننى ئويناشتا، بالىلار پاكىز، ئازادە مەيدانلارغا توپلىشىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئا-
رىسىدىن چوڭراق ئىككى بالىنى ئاساسلىق رول ئالغۇچى قىلىپ سايلايدۇ. بۇ ئىككى با-
لىنىڭ بىرى «ئانا» بولۇپ قالغان بالىلارنى بويىسۇرە سەپكە تىزىدۇ. «ئانا» بالىلارغا
سەپنى بۇزغۇچىلارنىڭ «يامان ئاقىۋەت»كە گىرىپتار بولىدىغانلىقىنى، سەپنىڭ مۇستەھ-
كەملىكىنى ساقلاشتا چوقۇم «ئانا»نىڭ ھەرىكىتىگە يېقىندىن ماسلىشىش زۆرۈرلۈكىنى
ئالاھىدە تاپىلاپ، ئۆزى سەپنىڭ بېشىدا تۇرىدۇ. يەنە بىر بالا «ئانا» ۋە بالىلار ھاسىل
قىلغان سەپنى بۇزۇپ، بالىلارنى «ئۆز ئىگىدارچىلىق»قا ئالغۇچى «رەقىب» سۈپىتىدە
قاتار بېشىدىكى «ئانا» بىلەن قارشىلىشىدۇ.

ئويۇن باشلىغاندا، «ئانا» ئۆز بالىلىرىنى بىر ـ بىرىنىڭ كەينىدىن مەھكەم تۇتۇپ
رەقىبىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىققا ئۈندەپ، ئىككى قولىنى ئىككى تەرەپكە ئېچىپ

ھەرىكەت قىلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «ئانا» بىلەن «رەقىب» ئوتتۇرىسىدا قوشاق ئېيتىشىش باشلىنىدۇ.



«رەقىب»: قارا ـ قارا قۇشلارىم، ئارقاڭدىكى نېمەرىڭ؟

«ئانا»: ئۇششاق ـ ئۇششاق باللىرىم!

«رەقىب»: ماڭا بىرنى بەرسەڭچۇ؟

«ئانا»: كۆچۈك يەتسە ئالساڭچۇ!

«رەقىب»: كۆچۈم نەگە كېتىپتۇ؟

«ئانا»: ئالا تاغقا كېتىپتۇ!

«رەقىب»: ئالا تاغدا نېمە بار؟

«ئانا»: ئالىيېشىل قۇشلار بار.

«رەقىب»: ئۇنداق بولسا بارايچۇ، قۇشتىن بىرنى تۇتايچۇ.



شۇنىڭ بىلەن «رەقىب» دەرھال «ئانا»نىڭ كەينىدىكى باللارنى قوغلايدۇ، «ئانا» «ۋاي باللىرىم، سار كەلدى!» دەپ ۋارقىراپ باللىرىنى ئاگاھلاندۇرىدۇ. باللار «ئانا»نىڭ كەينىدە بىر ـ بىرىنى قويۇۋەتمەستىن ئۇيان ـ بۇيان چېپىشىدۇ. «ئانا» بولسا ۋەھىمە سېلىۋاتقان «رەقىب»نىڭ ئالدىنى توسۇپ، باللارنى قوغدايدۇ. ناۋادا باللاردىن بىرەرسى سەپتىن چۈشۈپ قالسا، «رەقىب» ئۇنى تۇتۇۋالىدۇ، بۇنىڭ بىلەن قانائەتلىنىپ قالماي، «ئانا»نىڭ كەينىدىن باشقا باللارنىمۇ بىر ـ بىرلەپ قولغا كىرگۈزۈپ، «ئانا»نى يالغۇز قالدۇرۇشقا ئۇرۇنىدۇ. بۇ ئويۇن «ئانا» يالغۇز قالغان چاغدىلا بىر نۆۋەت ئاخىرلىشىپ، باللىرىنى تارتتۇرۇپ قويغۇچى «ئانا»نىڭ ئورۇن ئالماشتۇرۇپ «رەقىب»نىڭ رولىنى ئېلىشى بىلەن يۇقىرىقى شەكىلدە تەكرار داۋاملىشىدۇ.







باللار «قارا ـقارا قۇشلارىم» ئويۇنى ئارقىلىق ئىناقلىقنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى ھېس قىلىدۇ، ئانا ـ بالا ئوتتۇرىسىدىكى مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ قەدىر ـ قىممىتىگە يېتىدۇ.


## «ئىلەڭگۈچ» ئويۇنى



ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرىنىڭ
ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى.
مەشھۇر ئالىمىمىز مەھمۇد كاشغە-
رىي بۇ ئويۇن ھەققىدە توختى-
لىپ: «ئىلەڭگۈچ ــ گۈلەڭگۈچ
قىزلار ئوينايدىغان بىر خىل ئو-
يۇننىڭ نامى، ئارغامچىنىڭ ئىككى
ئۇچى بىر ياغاچقا ياكى لىمغا باغ-
لىنىدۇ، ئوتتۇرىسىغا بىر قىز ئول-
تۇرىدۇ، پۇتلىرى بىلەن يەرنى
تېپىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بەزىدە
ئۆرلەپ، بەزىدە پەسلەيدۇ» دې-
گەن («تۈركىي تىللار دىۋانى»،
3 ـ توم، 518 ـ بەت). دېمەك،
بۇ ئويۇن ئەزەلدىنلا ئۇيغۇر قىز
ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرمىكى بولغان.

بۇ ئويۇن ئادەتتە ئەتىياز، ياز ۋە كۈز پەسىللىرى دەل-دەرەخلىك ئېرىق-ئۆستەڭ
بويلىرىدا، ئورمانلىقلاردا قىز ئۆسمۈرلەر تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ، بۇ ئويۇننى7 ـ 15ياش-
قىچە بولغان قىزلار ئوينايدۇ.

ئىلەڭگۈچ ئارغامچىنىڭ ئىككى ئۇچىنى ئىككى تۈپ دەرەخكە ياكى دەرەخنىڭ چوڭ
ئىككى شېخىغا چىگىپ، ئوتتۇرىسى يەرگە تېگىپ قالمىغۇدەك قىلىپ سىلىنىدۇ. قىزلار
تۆت-بەشتىن بۆلۈنۈپ نۆۋەت بىلەن ئوينايدۇ. ئىلەڭگۈچ ئوينىغۇچى ئىككى تال ئار-
غامچىنى چىڭ تۇتۇپ كەينىگە يېنىپ، بىر پۇتىنى ئىلەڭگۈچ تاختىسىغا ئىلىپ، يەنە بىر
پۇتىنى يەرگە تىرەپ تۇرۇپ باشقىلارنىڭ ئىتتىرىپ قويۇشى ياكى ئۆزىنى كۈچەپ ئال-
دىغا ئېتىش ئارقىلىق پۇتىنى يەردىن ئۈزۈپ ئۇچۇشقا باشلايدۇ. دەسلەپتە پەسرەك ئۇ-



چىدۇ، كېيىن ئالدى- كەينىگە كۆچەپ رىتىملىق سىلكىنىپ بارغانسېرى ئېگىز ئۇچىدۇ. ئۇچۇش قانچە ئېگىز بولسا، ئۇچۇش تېزلىكى شۇنچە ئاشىدۇ. بىر قىز ئىلەڭگۈچ ئۇچۇۋاتقاندا پەستە نۆۋەت كۈتۈۋاتقانلار:

ئىلانى،
گۈچانى،
چىمچاچاق،
كىم ئويناق.
مېنىڭ بالام تورغايچاق،
......
هويت، هويت، هويت،
ماڭا قاراڭ،
بەستلىكى نار،
مەستلىكى بار.
بوز تايچاق
......

دېگەنگە ئوخشاش ئىلەڭگۈچ قوشىقىنى ئېيتىدۇ. نۆۋەت ئالماشتۇرۇش ئىلەڭگۈچ ئۇچقۇچىنىڭ قانائەتلەنگەندىن كېيىن باشقىلارغا ئۆتۈنۈشى ئارقىلىقلا بولىدۇ.

بالىلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق تەن ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ، ئۆزئارا ئۆتۈنۈش، يول قويۇش، ياردەملىشىش قاتارلىق ئەخلاقىي پەزىلەتنى يېتىلدۈرىدۇ.

## «مۆكۈشمەك» ئويۇنى

مۆكۈشمەك ئويۇنى — ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ مەھەللىلەردە توپلىشىپ ئوينايدىغان ئۇزۇن تارىخقا ئىگە ئويۇن پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ پائالىيەت چەبدەسلىكنى، يۈگۈرۈش تېزلىكىنى، چىداملىقنى، كوللېكتىۋىزملىق روھنى ئۇرغۇتۇشتا ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

مۆكۈشمەك ئويۇنى كۆپىنچە هاللاردا ئايدىڭ كېچىلەردە ئوينىلىپ، مەيدان تاللىمايدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ چەكلىمىسى بولمايدۇ. خالىغان بىر جايدا ئوينالسا بو-

لۇۋېرىدۇ. ئوۋىناشتا ئالدى بىلەن ئىككى كىشى باش بولۇپ رامباتلىششىش ئارقىلىق ئا-
دەملەرنى ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلىدۇ ھەمدە بىر ئورۇننى نۇقتا قىلىپ بەلگىلەيدۇ. مۆ-
كۆش نۆۋىتى ئالغان تەرەپ ئالدى بىلەن مۆكىدۇ. يەنە بىر تەرەپ پەللىدە قالىدۇ.
مۆككۈچىلەر مۆكۈپ بولغاندىن كېيىن پەللىدە قالغان تەرەپنىڭ بىرقانچىسى پەللىنى
ساقلاپ، قالغانلىرى مۆككەنلەرنى ئىزدەيدۇ. ئىزدىگۈچىلەر مۆككۈچىلەرنى مۆكۈۋالغان
يەردىن تېپىۋالسا بىر - بىرلەپ تۇتىدۇ. ئەگەر تۇتۇۋالالمىسا مۆككۈچىلەر پەللىگە ياكى
باشقا تەرەپكە قاراپ قاچىدۇ. پەللە ساقلىغۇچىلار پەللىنى قوغداپ مۆككۈچىلەرنى پەللە-
گە كىرگۈزمەي تۇتۇۋېلىشقا كىرىشىدۇ. مۆككۈچىلەر بولسا مۇۋاپىق پۇرسەت ئىزدەپ،
تۇتقۇزماي پەللىگە كىرىشكە تىرىشىدۇ. ئويۇن جەريانىدا پەللە باققۇچىلار مۆكۈپ،
مۆككەن تەرەپ پەللە باقىدۇ. ئەگەر مۆككۈچى تەرەپنىڭ بىر ئەزاسى بولسىمۇ تۇتۇق
بەرمەي پەللىگە كىرىۋالسا يەنىلا مۆككۈچى تەرەپ مۆكۈنۈپ پەللە باققۇچى تەرەپ
پەللە باقىدۇ. ئويۇن شۇ تەرتىپتە داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئەگەر پۈتۈن بىر ئاخشام مۆككۈ-
چىلەرنى تاپالماي قالسا ئەتىسى ئاخشىمى داۋاملاشتۇرۇشقا بولىدۇ. لېكىن، بۇ خىل ئو-
سۇلدا ۋاقىت ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا، مۆككۈچىلەردىن بىر - ئىككىنى تۇتۇشنى شەرت
قىلسىمۇ بولىدۇ.



## «جۇپمۇ ـ تاق؟» ئويۇنى

«جۇپمۇ ـ تاق؟» ئويۇنى باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان، بولۇپمۇ ئۆز دىيارى-
نىڭ ھاۋا كلىماتىغا ئاساسەن ئۆرۈك دەرىخى ئۆستۈرۈشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلارنىڭ
پەرزەنتلىرى ياز پەسلىدە ئوينايدىغان ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇننى قىز ـ ئوغۇللار
ئايرىم ياكى ئارىلىشىپ ئوينىسا بولۇۋېرىدۇ.

باللار ياز كۈنلىرى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن ئۆرۈكلەرنى يېگەندە، ئۆرۈك ئۇچكىلىرىنى
پاكىز يۇيۇپ قۇرۇتقاندىن كېيىن، ئويناقچى بولغان سورۇنغا توپلىشىپ ئىككىدىن بىر
گۇرۇپپا بولۇپ بۆلۈنىدۇ. بىر گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن ئىككى بالىنىڭ بىرى يانچۇقىدىن بىر-
نەچچە تال ئۇچكىنى سىقىملاپ ئېلىپ يېنىدىكى بالىدىن «جۇپمۇ ـ تاق؟» دەپ سورايدۇ.
سوئال سورالغان بالا ئۇچكە تۇتقان بالىنىڭ تۈگۈلگەن مۇشتۇمىنى مىجىقلاپ بېقىش، قول
دۈمبىسىنىڭ تېرىسىنى ئىككى باش بارماقتا تۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق پەرىزىگە تايىنىپ
«تاق» ياكى «جۇپ» دەپ ھۆكۈم قىلىدۇ. ھۆكۈم توغرا بولسا، ئۇچكە تۇتقۇچىنىڭ سىقى-
مىدىكى ئۇچكىنى ئۇتۇۋېلىپ، ئويۇننى ئۆزىدىن باشلايدۇ؛ ئەگەر ھۆكۈم خاتا چىقسا،
ئۇچكە تۇتقان بالىنىڭ قولىدىكى ئۇچكە قانچە تال بولغان بولسا، ئۇچكە تۇتقان بالىغا
شۇنچە تال ئۇچكىنى ئۇتتۇرغان بولىدۇ. ئۇتقان بالا ئويۇن-
نى داۋاملاشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇن مۇشۇ تەرتىپ بويىچە تەك-
رارلىنىپ، ئىككى بالىنىڭ بىرىدىكى ئۇچ-
كە تۈگىگەندە توختايدۇ. ئۇتقۇچى ئۇتقان
ئۇچكىلەرنى ئويۇن ئوينىغۇچى ۋە كۆر-
گۈچىلەرگە بۆلۈپ بېرىدۇ.



«جۇپمۇ ـ تاق؟» ئويۇنى
باللارنى سالماق كىشىلەردىن قىلىپ
تەربىيەلەيدۇ، پايدا بىلەن زىيانغا توغرا
مۇئامىلە قىلىپ، باشقىلار بىلەن ئىناق
ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ. باللارنىڭ
تەسەۋۋۇر قىلىش، يۈزەكى ئالامەتلەر
ئاساسىدا پەرەز قىلىش ئىقتىدارىنى
يېتىلدۈرىدۇ.






## «ئايشەمخاننىڭ تۇرغان جايى» ئويۇنى

«ئايشەمخاننىڭ تۇرغان جايى» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى يەسلى ۋە مەكتەپ يېشىغا يەتكەندىن كېيىن ئوينايدىغان ئويۇن بولۇپ، ياز ۋە كۈز كۈنلىرى كۆپرەك ئوينىلىدۇ. چۈنكى، بۇ مەزگىلدە قىزلار مىللىيچە رەڭگارەڭ كۆڭلەكلەرنى كىيىشىپ، ئويۇننىڭ مەزمۇن ۋە شەكىل تەلپىگە ماسلىشالايدۇ.

بۇ ئويۇندا نەچچە قىز قول تۇتۇشۇپ دۈگىلەك ھاسىل قىلىدۇ، بىر قىز دۈگىلەك ئوتتۇرىسىدا ئۆرە تۇرىدۇ. دۈگىلەك ھاسىل قىلغان قىزلار قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، ئۆرە تۇرغان قىزنىڭ ئەتراپىنى چۆرگىلەپ «پالانچىنىڭ كۆڭلىكى مۇنداق» دەپ ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى، كىيگەن كۆڭلىكىنىڭ رەڭگىنى ئاتايدۇ ۋە بۇنىڭغا ئۇلاپلا:



ئايشەمنىڭ تۇرغان جايى،
ھەر سائەتتە تۇرادۇر.
ئىگىزلىكى مۇنداق،
پەسلىكى مۇنداق.
كەڭلىكى مۇنداق،
تارلىقى مۇنداق.
ھەسەن ـ ھۈسەن كەپتۇ،
قوينى سويۇپ يەپتۇ.
قوينىڭ يېغى چىقسا،
قۇيماق ئىتىپ يەپتۇ.
ئاق توغاچ، كۆك توغاچ،
بىرنى تاللاپ ئېلىپ قاچ.

دەپ قوشاق ئېيتقاچ، بەدەن ھەرىكىتىنى قوشاقنىڭ مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرىدۇ، يەنى «ئېگىزلىكى مۇنداق» دېگەندە ھەممەيلەن قولىنى بويىدىن ئېگىز كۆتۈرگەن بولسا، «پەسلىكى مۇنداق» دېگەندە بىردەك زوڭ ئولتۇرىدۇ. ئەگەر ئۇلاردىن كىمنىڭ سۆزى بىلەن ھەرىكىتى ماسلاشمىسا، قولى يېنىدىكى بالىنىڭ قولىدىن ئاجراپ كېتىپ سەپ بۇ-

زۇلىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئوتتۇرىدىكى قىزچاق پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ قولى بوشاپ كەت-
كەن بالىنىڭ يېنىدىن دۈگىلەك سىرتىغا چىقىپ كېتىشكە تىرىشىدۇ. ئەگەر سەپنى بۇزۇپ
چىقىپ كېتەلىسە، قولى بوشاپ كەتكەن بالا بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ؛ چىقىپ كېتەل-
مىسە دۈگىلەك ئىچىدە تۇرۇۋېرىدۇ، ئويۇن داۋاملىشىۋېرىدۇ.
«ئايشەمخانىنىڭ تۇرغان جايى» ئويۇنى قىزلارنىڭ سۆزلەش قابىلىيىتى ۋە سەزگۈر-
لۈكىنى ئاشۇرىدۇ، قىزلارغا سۆز بىلەن ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرۇپ چەبدەس بولۇشنى
ئۆگىتىدۇ، بولۇپمۇ قىزلارنىڭ كىچىكىدىنلا قىزلارغا خاس نازاكەتلىككە ئىنتىلىپ، ئىجتى-
مائىي پائالىيەت ئىچىدە ئۆسۈپ يېتىلىشكە پايدىلىق.

## «چۆچۈرە قايناق» ئويۇنى

«چۆچۈرە قايناق» ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تامىقى بولغان چۆچۈرىدىن
كەلگەن، ئۇ ئۆگەي ئانا بىلەن باغلىق بولۇپ، ئۇيغۇر قىز - ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى ئا-
رىسىدا «ئانىكام چۆچۈرە» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئادەتتە كۆپىنچە ئەتىيازدا ئوينى-
لىدۇ.
بالىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ، لايدىن يۇغۇرۇلغان «خېمىر»، ئوت - چۆپتىن تەي-
يارلانغان «كۆك» قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تەخلەپ، ئۆز ئىچىدىن چوڭراق بىرەيلەننى
«ئانا» سايلايدۇ، ئاندىن ئۆزئارا قول تۇتۇشۇپ بىر چەمبەر ھاسىل قىلىدۇ-دە، «ئا-
نا»نى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چۆرگىلەيدۇ. «ئانا» دۈگىلەك ئوتتۇرىسىدا زوڭ ئولتۇرۇپ
«چۆچۈرە» تۈگۈش ھەرىكىتىنى دوراپ، باشتا تەييارلىۋالغان ئوت - چۆپلەرنى لاي
جىلتىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ «چۆچۈرە» تۈگىدۇ. بۇ ۋاقىتتا «ئانا» ئەتراپىدا دۈگىلەك بو-
لۇپ ئايلىنىۋاتقان بالىلار:

چۆچۈرەم، چۆچۈرەم قاينايدۇ،
ئانام ماڭا بەرمەيدۇ.
بەرمىسىمۇ بەرمىسۇن،
ئىشىكنى تاقاپ ئۆزى يېسۇن.
ئاق ئۆيدە ئايىم بار،
پىيالىدە چايىم بار.





مىنىڭ يارانقان ئىگەم بار،
ئاخىر بىر كۈن سوراق بار.
ئاش بەرسە سۈيۈق بەردى،
نان بەرسە كۆيۈك بەردى.
قانداق قىلىمىز، دوستلار،
ئۆگەي ئانىنىڭ دەردى.

..........

دەپ قوشاق ئېيتقاچ گۈرزىدە «ئانا»نىڭ ئەتراپىغا ئولىشىپ:
— چۆچۈرە پىشتىمۇ؟— دەپ توۋلايدۇ.
— بىردەم تۇرۇپ كېلىڭلار، — دەپ جاۋاب بېرىدۇ «ئانا».
باللار دەرھال ئۆز ئورۇنلىرىغا بېرىپ قايتىدىن دۈگىلەك بولۇپ، بايىقى قوشاقنى
تەكرار ئوقۇپ ئايلىنىپ، ئاندىن: «چۆچۈرە پىشتىمۇ» دەپ قايتا سورايدۇ. «ئانا»:
«پىشتى، مەن قاچا ـ قۇچا تەييارلاي» دەپ بىر يانغا سۈرۈلىدۇ. باللار ئانىنىڭ چۆ-
چۈرە يېنىدىن نېرى كەتكەنلىكىدىن پايدىلىنىپ چۆچۈرىنىڭ ھەممىسىنى «يەۋالىدۇ».
بىردەمدىن كېيىن قاچا ـ قۇچا ئېلىپ كەلگەن «ئانا» باللارنى قوغلايدۇ،
باللار قاچىدۇ. «ئانا» قوغلاپ تۇتۇۋالغان بالىدىن: «سەن قانچە چۆچۈرە
يېدىڭ؟» دەپ سورايدۇ. شۇنداق قىلىپ، باللارنىڭ چۆچۈرىنى ئەڭ كۆپ
«يەۋالغىنى» «ئانا» قىلىنىپ، ئويۇن يېڭىدىن باشلىنىدۇ.
باللار بۇ ئويۇن ئارقىلىق ئۆز ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ ئەتىۋارلىنىپ
كېلىۋاتقان چۆچۈرە تۈرلىرىنى ياد ئېتىدۇ، كىچىك-
دىنلا مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈ-
رۈشكە دائىر چۈشەنچىلەرگە ئىگە
بولىدۇ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشكە،
ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بولۇشقا ئا-
دەتلىنىدۇ.



## «تۆگە ـ تۆگىلەك» ئويۇنى

«تۆگە ـ تۆگىلەك» ئويۇنى قىش پەسلىدىن باشقا ھەممە پەسلدە، يەنى ئالاھىدە
سوغۇق ۋە پەۋقۇلئاددە ئىسسىق بولمىغان ئەھۋالدا تالا ـ تۈزدە، دەل ـ دەرەخ سا-
يىسىدە قىز ـ ئوغۇللار بىرلىكتە ئوينايدىغان قوشاقلىق ئويۇن.

بۇ ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار ئۆزلىرى ئارىسىدىن تەيىنلەنگەن ئىككى «ئا-
نا»نىڭ تاللىۋېلىشى ئارقىلىق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ھەربىر گۇرۇپپا 8 ـــ 9 غى-
چە بالا بولسا مۇۋاپىق بولىدۇ. ئۇلاردىن بىر گۇرۇپپا قول تۇتۇشۇپ چەمبەر ياسايدۇ.
يەنە بىر گۇرۇپپا ئەزالىرى «ئانا»سىنى باشقا ئېلىپ بىر ـ بىرىنىڭ ئارقا پېشىنى تۇتۇپ
بويسۇرە قاتار بولۇشۇپ، خۇددى يىراق ـ يىراقلارغا يولغا چىقىش ئالدىدا تۇرغان تۆ-
گە كارۋىنىغا ئوخشاش سەپ تۈزگەچكە، «قاتار تۆگىلەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سەپ تۈزگەن
بالىلار ئۆز سېپىنى بۇزماستىن، دۈگىلەك بولۇپ تۇرغان بالىلارنىڭ قولى ئاستىدىن بىر ـ
بىرلەپ ئۆتىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى گۇرۇپپا ئارىسىدا قوشاق ئېيتىشىش باشلىنىدۇ.







دۈگىلەك بولۇپ تۇرغان باللار:

قاتار ـ قاتار تۆگىلەر،
نەگە ـ نەگە ماڭدىڭلار؟
تۆگە بولۇپ تۇرغان باللار:
تۇزغا ـ تۇزغا ماڭدۇق بىز.
ــ تۇزۇڭ نەگە تۆكۈلدى؟
ــ ئارا يولغا تۆكۈلدى.
ــ تاسقاپ ـ تاسقاپ ئالساڭچۇ؟
تاغرىڭغا سالساڭچۇ؟
ــ تاغرىمدا تۆشۈك بار،
ماراپ تۇرغان مۈشۈك بار.



بۇ ئويۇن ئىككى گۇرۇپپىنىڭ ئالمىشىشى بىلەن يۇقىرىقى مەزمۇندا داۋاملىشىدۇ. «تۆگە ـ تۆگىلەك» ئويۇنى باللارنى تەرتىپلىك، ئۇيۇشقاق، ھەرىكەتچان بولۇشقا، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشكە ئۈندەيدۇ.



## «مېھماندارچىلىق» ئويۇنى



«مېھماندارچىلىق» ئويۇننى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ياز ۋە كۈز پەسلىنىڭ ھاۋاسى مۆتىدىل كۈنلىرى ھويلا ـ ئارانلاردا ۋە دەل ـ دەرەخلەر تۈۋىدە ئوينايدۇ.

قىزلار ئاۋۋال خۇددى يىراق بىر يەرگە مېھماندارچىلىققا بارىدىغان چوڭ كىشىلەرگە ئوخشاش كىيىنىپ، مېھماندارچىلىققا ئىشلىتىلىدىغان «قاچا ـ قۇچا»، «داستىخان»، «گېزەك»، «يېمەكلىك» ۋە باشقا لازىمەتلىكلەرنى ئۆز شارائىتىغا قاراپ لاي ۋە باشقا ماتېرىياللاردىن تەييارلىۋالىدۇ.

قىزلار ئۆز ئىچىدىن كۆرسىتىلگەن «ئانا»لارنىڭ نۆۋەت بىلەن تاللىشى ئارقىلىق ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ، «مېھمان» ياكى «ساھىبخانا»غا ئايرىلىدۇ، ئاندىن ئۆزلىرى مېھماندارچىلىققا ئېلىپ كەلگەن لازىمەتلىكلەرنى ئىككى «ئانا»غا تاپشۇرىدۇ. «ئانا»لار



بۇ نەرسىلەرنى رولىغا قاراپ تەڭشەيدۇ، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى قىزلارنى ئالاھىدىلىككە قاراپ «ۋەزى-پە»گە قويىدۇ. ئادەتتە مېھمان بىلەن ساھىبخانا شۇ سورۇندا ئورۇنلاشقا تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە ئې-تىبار بىلەن قارايدۇ. مېھمانلار كىيى-نىش، داستىخان كۆتۈرۈش، سىلىق - سىپايە كۆرۈنۈش، قائىدىلىك ئولتۇ-رۇش - قوپۇش، نازاكەتلىك غىزالى-نىش، چاي ئىچىش، ساھىبخانىنى ئىز-زەتلەش؛ ساھىبخانىلار ھەممە ھەرىكە-تىدە مېھمانلارنىڭ كۆڭلىگە يېقىش، كۈتۈش ئىشلىرىنى ئۆز تەرتىپى بى-لەن تولۇق ئىشلەش، مېھ-مانلارنى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلاردا ئامالىنىڭ بارىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىدۇ. مېھمان ۋە ساھىبخانىلار باش ياغلىقلىرىنى رومالچىلاپ ئارتىپ چوڭ ئايال سىياقىغا كىرىدۇ. مېھمانلار ئۆز «ئۆي»لىرىدە تەييارلىغان «سوۋغات»لارنى داستىخانلارغا رەتلىك يۆگەپ قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆزلىرىنى كۈتۈشكە چىققان ساھىبخانىلارغا ئىككى قوللاپ سۇنىدۇ. ساھىبخانىلار مېھمانلار ئېلىپ كەلگەن «سوۋغات»لارنى «بۇ-نىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، لازىم ئەمەس، بۇنچە كايىماي كېلىۋەرسىلىمۇ بولاتتى» دې-گەنگە ئوخشاش تەكەللۇپ سۆزلەرنى ئېيتىپ قوبۇل قىلىشىدۇ؛ مېھمانلارنى تارتىنماي، ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ بەھۇزۇر «يەپ - ئىچىش»كە تەكلىپ قىلىدۇ؛ ئاخىرىدا مېھمانلارنى ئېلىپ كەلگەن «سوۋغات»لارغا لايىق «يارىشىق» قىلىپ ئۇزىتىشىدۇ.

بۇ ئويۇن ئۇيغۇر قىزلىرىنى شەرم - ھايالىق، قائىدە - يوسۇنلۇق، ئەپچىل، ئې-دىتلىق بولۇشقا، ئۆز مىللىتىنىڭ ئېسىل ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ئىلىم سۈپىتىدە ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلىدۇ، ئۆزئارا ئىناق ئۆتۈشكە ئۈندەيدۇ.




# «ۋىژىلداق» ئويۇنى


«ۋىژىلداق» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بىر يىلنىڭ ھەرقايسى پەسىللىرىدە، ئاساسلىقى يېزا - قىشلاقلاردا كۆپرەك ئوينىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ بۇ ئويۇننىڭ يېزا بالىلىرى ئارىسىدا يەنە «غۇژ - غۇژ» دېگەنگە ئوخشاش ناملىرىمۇ بار. بالىلار بۇ ئويۇننى ئۆز ئالدىغا ياكى بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىپ ئوينايدۇ.

بالىلار ئالدى بىلەن توملۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقى ئوتتۇرا بارماقچىلىك كېلىدىغان تاياقچىنى چىرايلىق ئاقلاپ، ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسىنى ئازراق بەلدەپ ئايلانما ئىزنا پەيدا قىلىدۇ، ئاندىن 80 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى شوينىنىڭ ئىككى ئۇچىنى چېتىپ ئوتتۇرىسىغا بايىقى تاياقچىنى چىگىدۇ، ئاندىن شوينىنىڭ ئىككى چەتتىكى ھالقا قىسمىغا ئىككى باش بارمىقىنى ئۆتكۈزۈپ، سەل - پەل ئايلاندۇرۇپلا ئىككى تەرەپكە ئاستا - ئاستا تارتىدۇ، بۇ چاغدا تاياقچە ئوك ۋە تەتۈر ئايلىنىپ «ۋىژ - ۋىژ» ئاۋاز چىقىرىدۇ. ئويۇن يۇقىرىقى تەرتىپتە داۋاملاشتۇرۇلىدۇ. ئويۇن ئاخىرىدا بالىلارنىڭ ئويۇنچۇق تەييارلاش ماھارىتى، ئويۇن داۋامىدىكى قائىدىگە بويسۇنۇش ئەھۋالى، ياراتقان نەتىجىسى قاتارلىقلار ئۆزئارا باھالىنىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ جاسارىتىنى ئاشۇرىدۇ، بىلەك ۋە كۆكرەكلىرىنى چېنىقتۇرىدۇ، جۈملىدىن ساغلاملىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاۋاز پەرقلەندۈرۈش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدۇ، بالىلارنى روھلۇق، ئىرادىلىك، چىداملىق ئۆسۈپ يېتىلىشكە يېتەكلەيدۇ.



## «ئويمۇ ـ قويمۇ؟» ئويۇنى



«ئويمۇ ـ قويمۇ؟» ئويۇننى قىز ـ ئوغۇللار خالىغان ۋاقىت ۋە ئورۇندا، ئومۇـ
مەن تالا ـ تۈزدە ئەركىن ـ ئازادىلىك، سىلىق ـ سىپايىلىق ئىچىدە ئوينايدۇ.
بۇ ئويۇن مەخسۇس ئويناش ۋە تاسادىپىي ئويناش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەخـ
سۇس ئويناشتا، بالىلار بىر يەرگە جەم بولۇپ ئۆزئارا پاراڭلىشىپ، پاراڭ ئارىلىقىدا بىـ
رى ئىككى قولىدا يەنە بىرىنىڭ ئىككى كۆزىنى بوش تۇتۇپ «ئويمۇ ـ قويمۇ؟» دەپ
سورايدۇ. بۇ ۋاقىتتا كۆزى تۇتۇۋېلىنغان بالا «قوي» دېيەلىسە ئويۇندا ئۇتقان بولىدۇ ـ دە،
قارشى تەرەپ دەرھال قولىنى بوشىتىدۇ؛ ئەگەر «ئوي» دەپ قالسا، قارشى تەرەپ
ئۇنىڭ كۆزىنى چىڭراق بېسىپ قويۇۋېتىدۇ. تاسادىپىي ئويناشتا، بالىلار يېقىن دوستلىـ
رى ياكى تۇغقانلىرىنىڭ باشقا ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ كەتكەن پەيتىدىن پايدىلىـ
نىپ كەينى تەرەپتىن ئاستا كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى تۇيدۇرمايدۇ. قالغان
سۆز ـ ھەرىكەتلەر مەخسۇس ئويناشتىكى بىلەن
ئوخشىشىدۇ.

بالىلار «ئويمۇ ـ قويمۇ؟» ئويۇنى ئار-
قىلىق ھەرقانداق ئورۇن ۋە ۋاقىتتا
سۆز ـ ھەرىكەتتە جەبدەس
بولۇپ، ئويناپ سۆزلىسىمۇ
ئويلاپ سۆزلەش ماھا-
رىتىنى ئاشۇرىدۇ.





## «تارتىشماق» ئويۇنى



«تارتما تارتىشماق» ئويۇنىدا ئون بالا
بولسا، ئاۋۋال ھەربىرىنى ئۆزىنىڭ باراۋىرىگە
جۈپ قىلىپ، ئاندىن كېيىن ئون بالىنىڭ ئە-
چىدىن ئىككى چوڭ بالا ئايرىلىپ
چىقىلىدۇ، بۇ ئىككىسى قالغان سەك-
كىز بالا قاتارىدىكى ھەربىر جۈپ
بالىدىن بىردىن بۆلۈۋالىدۇ، يەنى
ئىككى چوڭ بالىنىڭ كەينىدە تۆتتىن
سەككىز بالا بىر-بىرىنىڭ بېلىنى تۇتۇپ
تۇرىدۇ. ئالدىدا ئىككى چوڭ بالا
بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇپ ئۆز
تەرىپىگە تارتىدۇ. ئىككى تەرەپ
شۇنداق تارتىشىپ، ئالدىدىكى چوڭ
بالىنى قالغان تۆت بالا بىلەن قوشۇپ تار-
تىپ نىشاندىن ئۆتكۈزۈۋالسا يېڭىۋالىدۇ. كۈچى
يەتمەي تارتىلىپ كەتكەن بالىلار مات بولىدۇ.

بۇ ئويۇنىنىڭ يەنە«ئۆتۈشمەك»، «تارتىش-
ماق»دېگەن ئىسمىمۇ بار بولۇپ، بۇ ئويۇنىنىڭ تارىخى
ئۇزاق، يەنى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بۇ ئويۇن ھەققىدە مۇنداق مەلۇمات
قالدۇرۇلغان: «ئۆتۈش: ئويۇندا ئۆتۈش. بۇ ئويۇن مۇنداق بولىدۇ: بالىلار ھالقا شەك-
لىدە ئولتۇرۇپ، ئارىدىن بىرى يېنىدىكىسىنى تۇرتىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆتۈش، ئۆتۈش
دەيدۇ، يەنى سەنمۇ يېنىڭدىكى بالىنى تۇت، دەيدۇ. ئۇمۇ شۇنداق قىلىدۇ. ھالقىنىڭ
تاكى ئاخىرىغىچە شۇنداق داۋام قىلىدۇ.» تارتما تارتىشماق ئويۇنى ھازىرقى شەكلىدە
ئۆزگىرىپ يۇقىرىقىدەك ئوينىلىدىغان بولۇپ ئۆزگەرگەن.

# «دوپپا تالىشىش» ئويۇنى



بالىلار ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ سەپ بولۇپ تىزىلىدۇ-دە، رەت بويىچە ساناپ چىقىدۇ. بۇ چاغدا ھەربىر بالا ئۆز نومۇرىنى يادلىۋېلىشى كېرەك. ئاندىن ئىككى گۇرۇپپا بىرلىشىپ بىر چەمبەرەك ھاسىل قىلىپ ئولتۇرىدۇ. چەمبەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر دوپپا قويۇلىدۇ. بىر بالا رېپىر بولىدۇ. ئويۇن باشلىنىش بىلەن رېپىرى بىر نومۇرنى، مەسىلەن: «5- نومۇر» دەپ چاقىرىدۇ. بۇ چاغدا ھەر ئىككى گۇرۇپپىنىڭ 5 - نومۇرلۇق ئەزالىرى دەرھال ئوتتۇرىغا يۈگۈرۈپ چىقىپ دوپپىنى تالىشىدۇ. بۇ چاغدا كۆپچەلىك چاۋاك چېلىپ ناخشا ئېيتىدۇ. دوپپىنى ئالدىدا ئېلىۋالغان بالا دوپپىنى كۆتۈرۈپ چەمبەرنى ئايلىنىپ قاچىدۇ. دوپپىنى ئالالمىغان بالا ئۇنى قوغلايدۇ. ناخشا تۈگەشتىن ئىلگىرى قوغلاپ يېتىشىۋالسا دوپپىنى ئۇنىڭغا كىيگۈزۈپ قويىدۇ. بۇ چاغدا قوغلىغۇچى بالا بىر نومۇرغا ئېرىشىدۇ. قوغلاپ يېتىشەلمىسە، دوپپىنى ئېلىپ قاچقان بالا ئىككى نومۇرغا ئېرىشىدۇ. ئۇلار ئۆز جايلىرىغا بېرىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، رېپىرى باشقا بىر نومۇرنى چاقىرىدۇ. ئويۇن يەنە باشلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا نومۇرغا ئەڭ كۆپ ئېرىشكەن گۇرۇپپا غەلىبە قىلغان بولىدۇ.



## «لام - جىم» ئويۇنى

«لام - جىم» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان، مەزمۇن ۋە شەكىل ئۆزگىچىلىكى، تەربىيەۋى ئەھمىيىتى بىلەن بۈگۈنگىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، ۋاقىت، ئورۇن، قاتنىشىدىغان ئادەم سانى جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ. بۇ ئويۇننى يىلنىڭ قايسى پەسلى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مۇۋاپىق مەيدان ۋە ۋاقىتتا قىز - ئوغۇللار ئارىلىشىپ ياكى ئايرىم - ئايرىم ئوينىسا بولۇۋېرىدۇ.

ئويۇنغا قاتنىشىدىغان باللار پاكىز، رەتلىك كىيىنىپ بەلگىلەنگەن جايغا توپلانغاندىن كېيىن، خالىغان يەردە ئولتۇرۇشىدۇ ياكى ئۆرە تۇرۇشىدۇ، ئاندىن ئۆزلىرى ئىچىدىن بىر «ئانا» تەيىنلەيدۇ. «ئانا» ئويۇن باشلىنىشتىن ئاۋۋال رىئايە قىلىشقا تېگىشلىك تەرتىپ — قائىدە ۋە خىلاپلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان ھەر خىل «جازا»لارنى ئېلان قىلىدۇ. «لام - جىم» ئىجازىتى بېرىلىش بىلەن تەڭ ئويۇن باشلىنىدۇ، باللار چەمبەر شەكىللەندۈرۈپ زوڭ ئولتۇرۇپ ياكى ئۆرە تۇرۇپ بىر - بىرىگە چېكەتكىدەك تىكىلىدۇ، لېكىن ئېغىزنى مەھكەم يۇمۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ جەھەتتە ھەممەيلەن بىر - بىرىنى قاتتىق كۆزىتىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقان باللار تەرتىپكە، ئويۇننىڭ ھەر خىل بەلگىلىمىلىرىگە ئەمەل قىلىشى، ئويۇن جەريانىدا باشقىلارنى گەپكە تۇتماسلىقى ۋە كۈلمەسلىكى، ئېغىز، بۇرۇن، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىنى ئىشقا سېلىپ قىلىق چىقارماسلىقى، ئۆزئارا پىچىرلاشماسلىقى، ھەتتا «ئىشارەت تىلى»نى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. بۇلارغا خىلاپلىق قىلغۇچىلارنى سەزگەن ھامان «ئانا» بولغۇچىغا مەلۇم قىلىپ، ئويۇنغا يېڭى مەزمۇن بېغىشلاش ھەممەيلەننىڭ مەجبۇرىيىتى ھېسابلىنىدۇ. «ئانا» بولغۇچى دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ،



ئويۇن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ئىنكاسىغا قۇلاق سېلىشى ۋە ئادىل «ھۆكۈم» چىقىرىشى كې-
رەك.


ئويۇن بىرەر بالىنىڭ غەيرىي قىلىقى سېزىلگەنگە قەدەر بىر خىل تەرزدە داۋاملى-
شىدۇ. «قىلمىش»نىغا يارىشا «جازا»غا تارتىلغۇچى شۇ مەيداندىلا بالىلار يۇمۇرىدىن
بىر نەچچىنى دەپ ياكى بىرەر قىسقا ھېكايە سۆزلەپ بېرىپ، ئويۇنداشلىرىنىڭ كۆڭلىنى
ئېلىش ئارقىلىق «گۇناھ»نى يۇيىدۇ، ئاندىن ئويۇن يەنە يېڭىباشتىن ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئېغىر ـ بېسىق، سەۋرچان قىلىپ تەربى-
يەلەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشقا ئۈندەيدۇ.

## «ۋاللەي» (گاگا ـ چۆك) ئويۇنى

بۇ ئويۇننى ئوچۇقچىلىق يەردە ئىككى بالا ئوينايدۇ (بىرنەچچە بالا ئىككى گۇرۇپ-
پا بولۇپ ئوينىسىمۇ بولىدۇ). ئۇلار بىر يەرنى «پەللە» قىلىپ ياساپ، ئىككى كېسەكنى
قويىدۇ (ياكى كىچىك كاتەكچە ئويىدۇ) ـ دە، ئەتراپىنى دۈگىلەك قىلىپ جىجاپ قويىدۇ.
ئاندىن بىر نەرسىنى شەرت قىلىپ قايسىسى ئۇتتۇۋالسا ئويۇننى شۇ باشلايدۇ.

ئويۇن باشلىغۇچى كېسەكنىڭ (ياكى كاتەكچىنىڭ) ئۈستىگە بالىياغاچنى (چۆكنى) قو-
يۇپ، ئانىياغاچ (گا) بىلەن ئاستىدىن
كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئۇرىدۇ. قارشى تە-
رەپتىكى بالىلار بالىياغاچ چۈشىدىغان
سەيناغا تارىلىپ تۇرۇپ، دوپپا ياكى
شەپكىسى بىلەن بالىياغاچنى تۇتۇۋېلىش-
قا تىرىشىدۇ. ئەگەر بالىياغاچنى تۇتۇ-
ۋالسا، بالىياغاچ ئۇرغۇچىنىڭ نۆۋىتى
كۆيۈپ كېتىدۇ ـ دە، بالىياغاچنى تۇتۇ-
ۋالغانلار ئويۇن باشلايدۇ. ئەگەر تۇ-
تالمىسا بالىياغاچ نەگە چۈشسە، شۇ
يەردە تۇرۇپ، بالىياغاچ بىلەن دۈگۈ-
لەك ئىچىدىكى كېسەكنىڭ ئارىسىغا قو-
يۇپ قويغان ئانىياغاچنى سوقىدۇ (كې-





سەكنى سوقسىمۇ بولىدۇ). سوقۇۋالسا بالىياغاچ ئۇرغۇچىنىڭ نۆۋىتى يەنە تۈگەيدۇ. ئە-
گەر سوقالمىسا بالىياغاچ ئۇرۇۋاتقان بالا بالاياغاچنى ئانىياغاچ بىلەن يۆلەپ تۇرۇپ
ئۈچ قېتىم ئۇرىدۇ. بالىياغاچ ئۈچىنچى قېتىم ئۇرۇلغاندا (ئەگەر بالىياغاچنى يۆلەپ
ئۇرالمىسىمۇ ئۇرغانغا ھېساب)، نەگە بېرىپ چۈشسە، قارشى تەرەپتىكى بالىلاردىن بىرى
يوغان- يوغان چامداپ
يەللىگە كەلگۈچە ساناي-
دۇ: بالىياغاچ ئۇرغۇچى
تەرەپ بالىياغاچنى يەللە-
دىن يەنە يېڭىباشتىن ئۇ-
رىدۇ. ئەگەر بۇ جەرياندا
قارشى تەرەپ بالىياغاچنى
تۇتۇۋالسا، بالىياغاچ
ئۇرغۇچىنىڭ نۆۋىتى تۈ-
گەپ، تاپقان سانىمۇ
«كۆيىدۇ». ئاندىن ئىك-
كىنچى تەرەپ ئوينايدۇ.
500 قەدەمگە يەتكۈزسە،
يەنە بىر تەرەپ «ئې-
شەك» بولىدۇ. بۇ چاغدا
ئۇتۇپ چىققان تەرەپ با-
لىياغاچنى يەللىدىن باشلاپ
ئۈدا ئۈچ قېتىم ئۇرىدۇ
(بۇ چاغدا قارشى تەرەپ
بالىياغاچنى توسمايدۇ)،
بالىياغاچ ئۈچىنچى قېتىم
نەگە بېرىپ چۈشسە،
«ئېشەك» بولغۇچى بالا



شۇ يەردىن يەللىگە توختىماستىن «ۋاللەي... ۋاللەي... ۋاللەي...» دەپ توۋلاپ يۈگۈ-
رىدۇ. ئەگەر ئۇ بىرەر يەردە تىنىپ ئالسا، ئۇتتۇۋالغۇچى بالا بالىياغاچنى يەنە كەينىگە
ياندۇرۇپ بىر قېتىم ئۇرىدۇ. شۇنداق قىلىپ، قاچان «ۋىلى- ۋىلى ۋاللەي...» دەپ
تىنماي توۋلاپ يەللىگە يۈگۈرۈپ كېلەلىسە، ئاندىن ئويۇن تاماملىنىدۇ. بۇنىڭ باشقا
ۋارىيانتلىرىمۇ كۆپ.



## «توپ» ئويۇنى

بۇ ئويۇننى قىزلار ئوينايدۇ. تۆت ـ بەش قىز توپنى نۆۋەتلىشىپ ئويناپ قوشاق ئېيتىدۇ. شەرت: توپنى قاچۇرماسلىق ھەمدە قوشاق ئېيتىشىشتا دۇدۇقلاپ قالماسلىق، شۇنىڭ بىلەن بىللە قوشاقنى توپنىڭ ئۆرلەپ چۈشۈشىگە ماسلاشتۇرۇپ ئېيتىش كېرەك. توپ قولدىن چۈشۈپ كەتسە ياكى قوشاق ئېيتىشىشتا دۇدۇقلاپ قالسا، ئۇنىڭ ئورنىغا باشقا بىرى ئوينايدۇ. قوشقى تۆۋەندىكىچە:



چىگىچى، بۇغدايچى،
خەمكى دۇغدايچى.
كېچىلەپ زۇۋانى قوي،
زۇۋىنىڭ قايسى قىز.

ئەڭ كىچىكى ۋوپا قىزى
ۋوپانى ۋوپا دېمەڭلار،
ۋوپا يالغانچى بولار.
ۋوپادىن كۆر بوۋاڭنى تاپ،
بوۋا بەك ياخشى بولۇر.
بوۋىنىڭ بىر تال تۆكى،
ئېشەككە ئاغامچا بولۇر.
.......................

ئۇچۇپ چىقتىم ھاۋاغا،
سەكرەپ چۈشتۈم دەرياغا.
دەريا سۈيى قويۇلدى،
پاتمىچۇقلار بويالدى.

بىرىنىڭ ئېتى كۇچۇلا،
بىرىنىڭ ئېتى پۇچۇلا.

ئاپپاق ساقال بوۋىلار،
قىلدى نەچچە توۋىلار...

................

ھاۋا- ھاۋا، ھاۋاچاق،
چاۋا تەردىم بىر قۇچاق.
چاۋانى ئېلىپ قاچتى،
پاقا بىلەن قۇمۇچاق.

ئۆتۆكۆم دىستا ئۆتۆك،
مېڭىشىم تاراق- تۇرۇق.
روزىنىڭ ئون بەشىدە.
چۆشتى غازاڭ شاراق-شۇرۇق.



................

يولدىشكامنىڭ بىر قىزى،
باسما كۆڭلەك كىيىپتۇ.
باسما كۆڭلەك كىيگەندە،
ھېلىمبەككە تېگىپتۇ.

ھېلىمبەككە تەگكەندە،
ئالتە بالا تۇغۇپتۇ،
ئالتە بالا بەرى پوق،
ئېيتاي دىسە لاتا يوق.

لاتا دېگەن ئۆگزىدە،
چىقاي دىسە شوتا يوق.
شوتا دېگەن دەرەختە،
كېسەي دىسە پالتا يوق.

پالتا دېگەن بازاردا،
ئالاي دىسە پۇلى يوق.
پۇل دېگەن ساندۇقتا،
ئاچاي دىسە ئاچقۇچ يوق.

ئاچقۇچكاملار ئۆلۆپتۇ،
ئاق مازارغا كۆمۆپتۇ.
ئاق مازارغا بىردەمدە،
ئاق تىكەنلەر ئۈنۈپتۇ...
يىغلايدىغان ئادەم يوق
ئۆزى قوپۇپ يىغلاپتۇ...

..................

قوشاق ئەنە شۇنداق داۋاملىشىۋې-
رىدۇ.









## «چامغۇر يۇلۇش» ئويۇنى

بالىلاردىن بىرى تۈۋرۈك ياكى بىر تۈپ دەرەخنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. قالغان بالىلار ئۇنىڭ كەينىدە بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ ئولتۇرىدۇ. بالىلاردىن يەنە بىرى دېھقان بولۇپ ئەڭ كەينىدە ئولتۇرغان بالىنى قۇچاقلاپ (دېھقان چامغۇر يۇلغان پەيتتە) تارتىدۇ. ئولتۇرغان بالا ئالدىدىكى بالىنى مەھكەم قۇچاقلاپ ئولتۇرۇۋالىدۇ. دېھقان بالا كۈچەپ تارتىدۇ. ئويۇن دېھقان بالا ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىنى تارتىپ ئورنىدىن قوپۇرۇپ بولغىچە داۋاملىشىدۇ.





## «يېرىلىڭ تېغىم»



بالىلار بىر - بىرىنىڭ قوللىرىدىن تۇتۇپ دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرىدۇ. بىر بالا دۈگىلەك ئىچىدە «ئانا» بولۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بىر بالا دۈگىلەكنى ئايلىنىپ قوشاق ئېيتىدۇ:

يېرىلىڭ تېغىم، يېرىلىڭ،
مەن ئانامنى كۆرۈۋالاي.
قۇچاقىغا باش قويۇپ،
دىدارىغا تويۇۋالاي..

بالا دۈگىلەكنى ئايلىنىپ قوشاق ئېيتقاچ ئوتتۇرىغا كىرىش ئۈچۈن يوچۇق ئىزدەيدۇ. دۈگىلەك بولۇپ ئولتۇرغان بالىلار بولسا ئۇنىڭغا يوچۇق بەرمەيدۇ. ئويۇن بۇ بالا بىرەر يەردىن يوچۇق تېپىپ دۈگىلەكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى «ئانا» يېنىغا كىرىۋالغىچە داۋام قىلىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن، دەسلەپكى بالىغا يوچۇق بېرىپ قويغان يەردىكى ئىككى بالىدىن بىرى دۈگىلەك ئىچىدە ئانا بولۇپ ئولتۇرىدۇ. يەنە بىرى دۈگىلەكنىڭ سىرتىدا ئايلىنىپ ھېلىقى قوشاقنى ئېيتىدۇ.

ھەر قېتىم يېڭىلگەنلەر مەيدانغا چۈشىدۇ، ئويۇن شۇ يوسۇندا داۋاملىشىۋېرىدۇ.

## «مەرەم» ئويۇنى

بۇ ئويۇن ئادەتتە قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغاندىن تارتىپ ئوينىلىدۇ، ئادەم سانى چەكلەنمەيدۇ.

ئالدى بىلەن بالىلار سان جەھەتتە تەڭ ھالدا ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ، ئاندىن شەرتلىشىپ قايسى تەرەپنىڭ ئاۋۋال مۆكىدىغانلىقى، قايسى تەرەپنىڭ مۆككەنلەرنى تاپىدىغانلىقى بېكىتىلىدۇ (قولىدا بىر نەرسە تۇتۇپ جۈپمۇ-تاق دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن). شۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىكى بالىلارنىڭ ھەممىسى تەرەپ-تەرەپكە (مۆكىدىغان دائىرە شەرتلەشكەندە دېيىلىدۇ) تارقاپ بىردىن ياكى بىر - ئىككىدىن بولۇپ ئۆزى بىلگەن جايغا مۆكىدۇ، مۆككۈچى تەرەپتىن چوڭراق بىرى ھەممە ئەزالىرىنىڭ مۆكۈپ بولغانلىقىنى جەزملەشتۈرگەندىن كېيىن مۆككەن جايدا تۇرۇپ يۇقىرى ئاۋازدا «مەرەم!..» دەپ بىرنەچچىنى توۋلايدۇ، شۇ ئاۋاز بىلەن تاپقۇچى تەرەپ مۆككەنلەرنى ئىزدەشكە باشلايدۇ (تاپقۇچى تەرەپتىكىلەر « مەرەم..» دېگەن ئاۋازنى ئاڭلىمىغۇچە ئەسلىدىكى جىم تۇرۇپ تۇرىدۇ).





يەنە شۇ ئاۋاز بىلەن مۆككەنلەر تاپقۇچىلارنىڭ ئۆزلىرىنى ئىزدەشكە باشلىغانلىقىنى بىلىدۇ، مۆككەنلەر مۆككەن جايدا جىم

تۇرسمۇ ياكى يۆتكەلمە هالەتتە تۇرسمۇ بولدۇ. تاپقۇچىلار هەممە يەردىن (كۆۋرۈك ئاستى، ئۆستەڭنىڭ ئىچى، دەرەخنىڭ كاۋىكى، دەرەخنىڭ ئۈستى...دىن) مۆككۈچىلەرنى ئىزدەپ بىر-بىردىن تاپىدۇ (بەلگىلەنگەن دائىرە ئىچىدىن). مۆككۈچىلەر دائىرىدىن سىرتقا مۆككەن بولسا ياكى تېپىۋالسا قېچىپ كەتسە «چىدىماس» بولىدۇ. تاپقۇچىلار مۆككۈچىلەرنىڭ ھەممىسىنى تېپىپ بولغاندىن كېيىن ئويۇننى ئەكسىچە داۋاملاشتۇرىدۇ (تاپقۇچىلار مۆككۈچىلەر بولىدۇ، مۆككۈچىلەر تاپقۇچىلار بولىدۇ).



بۇ ئويۇن مۇشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە رەت ئايلىنىپ بەزى ۋاقىتلاردا يېرىم كېچىگىچە داۋاملىشىدۇ.


بۇ ئويۇننىڭ ئالاھىدىلىكى:

ئويۇن پۈتۈنلەي قاراڭغۇ، كەچ مەزگىلدە ئېلىپ بېرىلىدۇ ھەمدە قائىدىسى چىڭ بولىدۇ، شۇڭا ئويۇنغا قاتناشقۇچىلاردا قورقماس، يۈرەكلىك، گېپىدە تۇرىدىغان ئىدىيە شەكىللىنىدۇ.

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ سانى، يېشى چەكلەنمەيدۇ (زىيادە كىچىك بالىلاردىن سىرت). شۇڭا ئويۇنغا بىر مەھەللىدە قانچە بالا بولسا ھەممىسى قاتنىشالايدۇ، بالىلارنىڭ سانى بەزىدە 40 تىنمۇ ئېشىپ كېتىدۇ.

شۇڭا بالىلاردا ئىتتىپاقلىق، بىرلىك شەكىللىنىدۇ.






## «ياڭاق» ئويۇنى

ياڭاق ئويۇنى — نىشانغا تەگكۈزۈشنى مەقسەت قىلغان ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ياڭاق كۆپ چىقىدىغان قەشقەر، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق رايونلاردىكى ئۇيغۇر ياشلىرى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشقان.

بۇ ئويۇن ئادەتتە ھېيت - بايرام ۋە ھەر خىل سەيلە پائالىيەتلىرىدە ئوينىلىدۇ. بۇ بىرقەدەر ئاددىي ئويۇن بولۇپ، قاتنىشىدىغانلارنىڭ سانى چەكلەنمەيدۇ. كىمنىڭ ياڭىقى بولسا ئىختىيارىي ئويناۋېرىدۇ. بۇ ئويۇن ئۈچۈن تامنىڭ تۈۋىگە ياكى تۈزلەڭ يەرگە ئون - يىگىرمە ياڭاق سىغقۇدەك بىر ئورەك كولىنىدۇ. ئوينىغۇچىلار ئۆزئارا كېڭىشىپ، ئورەككە ياڭاق ئاتىدىغان چېگرا سىزىقى بەلگىلىۋالىدۇ ياكى تامغا بىر پارچە تاختاينى يانتۇ تىكلەپ، تاختاينىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن پەسكە قارىتىپ بىر ياڭاقنى دومىلىتىدۇ. شۇ ياڭاقنىڭ دومىلاپ بېرىپ توختىغان يېرى ياڭاق ئېتىش چېگرا سىزىقى قىلىنىدۇ.

قاتناشقۇچىلار مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن كېلىشىپ ئورەككە ياڭاق ئېتىش نۆۋىتىنى بەلگىلەيدۇ. شۇ رەت بويىچە بىرىنچى بولۇپ ياڭاق ئاتقۇچىغا ئويۇنغا قاتنىشىدىغان ھەربىر كىشى ئوخشاش ساندىكى ياڭاقنى بېرىدۇ. ياڭاق ئاتقۇچى قولىدىكى پاي قىلىپ قوشۇلغان ياڭاقنى «جۈپ» ياكى «تاق» دەپ ئاشكارا جاكارلاپ چېگرا سىزىقىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ ئورەككە تاشلايدۇ. ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئورەك بىلەن چېگرا سىزىقىنىڭ ئارىلىقى تۆت - بەش مېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. ئەگەر ياڭاق ئاتقۇچى «جۈپ» دەپ تۇۋلىغان بولسا، ئورەككە چۈشكەن ياڭاقنىڭ سانى جۈپ بولسا ئۇتقان ھېسابلىنىپ، باشقىلار پاي قىلىپ





قوشقان ياڭاق شۇ كىشىگە تەۋە بولىدۇ. ئورەككە چۈشكەن ياڭاقنىڭ سانى تاق بولسا
ئۇتتۇرغان بولىدۇ ۋە ئويۇنغا قاتناشقانلار قانچە ياڭاق پاي قوشقان بولسا، شۇنچە يا-
ڭاق تۆلەم تۆلەيدۇ. ئۇتقۇچىدا ئارقا -ئارقىدىن ياڭاق ئېتىش ھوقۇقى بولىدۇ. ئۇتتۇ-
رۇپ قويسا ياڭاق ئېتىش نۆۋىتى ئالمىشىدۇ. ھەر قېتىم ئورەككە ياڭاق ئاتقاندا ئويۇن-
غا قاتناشقانلار يۇقىرىقىدەك ئوخشاش ساندىكى ياڭاقنى ئالدىن پاي قىلىپ تاپشۇرىدۇ.
ياڭىقى تۈگەپ ئويناشنى خالىمىسا مەجبۇرلانمايدۇ. بىر ئورەكتە ئوينايدىغانلار ئادەتتە
ئۈچ-تۆت ئادەمدىن ئاشمايدۇ.

## «قوچقارچىلاپ سوقۇشۇش»(ئۇسۇشۇش) ئويۇنى

قوچقارچىلاپ سوقۇشۇش پائالىيىتى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قى-
زىقارلىق ۋە ئەڭ قەدىمىي پائالىيىتى بولۇپ، جەنۇبىي شىنجاڭ رايونلىرىدا، بولۇپمۇ خوتەن
ۋىلايىتىدە مىللىي بايرام، ھېيت - ئايەم ۋە ھەر خىل يىغىلىشلاردا ئۆتكۈزۈلەتتى.
قوچقارچىلاپ سوقۇشۇشقا تاللىنىپ كېلىنگەن باتۇرلار مەيدانغا كىرىپ تۇلۇمچىلاپ
سويۇلۇپ تەييارلانغان مۈڭگۈزلۈك قوچقار تېرىسىگە كىرىپ سوقۇشۇشقا تەييارلىنىپ
تۇرىدۇ. باشقۇرغۇچى تەرىپىدىن باشلاش كوماندىسى بەرگەن ھامان تۇلۇم ئىچىدىكى
ئىككى ئادەم قوچقارلارغا ئوخشاش ھەيۋە بىلەن بىردە باش قويۇپ ئۇسۇشۇپ، بىردە
كەينىگە يېنىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىپ سوقۇشۇپ، يەنە كەينىگە يېنىپ يەنە سوقۇشۇپ، ئا-
خىر قايسىسى يەنە بىرىنى ئۇسۇپ ئۆرۈۋەتسە، شۇ يەڭگەن بولىدۇ.
قوچقارچىلاپ سوقۇشۇش پائالىيىتى يېقىنقى زامانلاردىن بۇيان چوڭلار ئارىسىدا
ئاساسەن ئېلىپ بېرىلمايدىغان بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، كىچىك بالىلار ئارىسىدا بۇ ئو-
يۇننىڭ ساقىندىلىرى ھېلىھەم مەۋجۇت. بۇنى بالىلار «دوق» ئويناش دەپ ئاتايدۇ.

## «توقٔقۇز قاتار» ئويۇنى



توقٔقۇز قاتار ئويۇنى ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزگىچە خاسلىققا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى، ئۇ كىشىلەرنىڭ پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، زېھنىنى ئېچىش جەھەتلەردە ياردىمى زور قىزىقارلىق ئويۇندۇر.

توقٔقۇز قاتارنىڭ مەيدان شەكلىنى سىزىش ئوڭاي، خالىغان بىر تەكشى يەر يۈزىگە بور بىلەن كوۋادرات شەكلىدە سىزىلىدۇ. داۋاملىق ئوينايدىغانلار بىر تاختىغا سىزىپمۇ قويىدۇ، چوڭ ـ كىچىكلىكى ئوخشاش ھەجىمدىكى ئاق، قارا تاشلارنى ياكى رەڭگى ئوخشاش بولمىغان ئۇرۇقچىلارنى تاللاپ قاتارنىڭ ئۇرۇقى قىلىشقا بولىدۇ، قاتار ئويۇنى ئوينايدىغان ئىككى كىشى توقٔقۇز دانىدىن ئۇرۇق تەييارلايدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: توقٔقۇز قاتار ئويۇننى باشلاشتىن ئىلگىرى ئىككى كىشى ئۇرۇق بېسىش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ. ئۇرۇق بېسىش نۆۋىتىگە ئىگە بولغان كىشى ئالدى بىلەن ئۇرۇق باسىدۇ. ئاندىن سىزىلغان قاتارنىڭ بۇرجەك ۋە كېسىشكەن نۇقتىلىرىغا نۆۋەت











بىلەن ئۇرۇق بېسىشىپ ئويۇننى باشلايدۇ. ئالدى بىلەن ئۇرۇق باسقۇچى بىر ئۇرۇقنى قاتار ئىچىگە باسسا، ئارقىدىن ئىككىنچى بىر كىشى ئۇرۇقنى قاتار ئىچىگە باسىدۇ. قالغان ئۇرۇقلىرىنىمۇ ئاشۇ تەرىقىدە ناھايىتى ئويلاپ بىر - بىرلەپ بېسىپ، ھەربىر كىشى 9 دانە ئۇرۇقنى بېسىپ تۈگىتىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى كىشىنىڭ قايسىبىرى نۆۋەت بىلەن ئۇرۇق يۆتكەپ مېڭىپ، ئۆز ئۇرۇقىدىن ئۈچ تالنى بالدۇر بىر قاتار قىلىۋالسا، يەنە بىر كىشىنىڭ بىر دانە ئۇرۇقىنى يەيدۇ، قىلىنغان قاتارنى يېرىپ، يەنە قاتار قىلىشقا بولىدۇ. ئاشۇ ئۇسۇلدا ئويناپ قايسى كىشى كۆپرەك قاتار قىلىۋېلىپ، قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنى يەپ تۈگەتسە ياكى قارشى تەرەپنىڭ ئۇرۇقىنى قاماپ ئۇرۇق يۈرۈش يولىنى قويمىسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ.

قاتار ئويۇنى ھېچقانداق بىر مۇرەككەپ مەيدان، سايمان تەلەپ قىلمايدىغان بولغاچقا ھەرقانداق جايدا ئويناشقا ئەپلىك ئويۇن. بۇ ئويۇننى بىر جايدا ئولتۇرۇپلا ئوينايدىغان دەم ئېلىشقا چىققان كىشىلەر ياخشى كۆرۈپ ئوينايدۇ، ھەتتا بەزى داۋاملىق ئوينايدىغانلارنىڭ چىرايلىق ئۇرۇقلىرى ۋە سىزىۋالغان قاتار تاختىسى بولىدۇ.

دېمەك، توققۇز قاتارنى كۆپىنچە ياشانغانلار ئوينايدىغان بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، ھەرقايسى ئىدارە - جەمئىيەتلەرنىڭ ياشانغانلار پائالىيەت سورۇنىدىكى خەلقئارا شاھمات، جۇڭگوچە شاھمات، دامكا، ماجاڭ تاختىلىرى قاتارىدا توققۇز قاتارنىڭ تاختىسىمۇ قويۇپ قويۇلسا تازا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

## «ياڭاق سوقۇش» ئويۇنى

ياڭاق سوقۇش — ئۇيغۇرلاردىكى باغۋەن ۋە دېھقان ياشلىرى ئوينايدىغان ئۇزاق تارىخقا، قويۇق مىللىي تۈسكە ئىگە ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنى. بۇ ئويۇندا يەكمۇيەك بەسلىشىدۇ.

ئويۇن قائىدىسى: ياڭاق سوقۇشتا بەسلەشمەكچى بولغان ئىككى كىشىدىن بىرى بىر دانە ياڭاقنى يەنە بىر كىشىنىڭ باش ئۈستىگە (بوشلۇققا) تىك ئاتىدۇ. ياڭاق سوققۇچى كىشى قولىدىكى ياڭاق بىلەن قارشى تەرەپ ئاتقان ياڭاقنى سوقىدۇ. ئەگەر ئاسمانغا ئېتىلغان ياكى پەسلەپ چۈشۈۋاتقان ياڭاقنى سوقۇۋەتسە، يەڭگەن بولۇپ، قارشى تە-





رەپتىن بىر ياغاق ئالىدۇ. ئاندىن بۇلار ئالمىشىپ ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ.

بۇ ئويۇندا، ياغاق ئاتقۇچى ياغاق سوققۇچىنىڭ بېشى ئەتراپىدىكى بوشلۇققا ياغاقنى قانچە ئېگىز ئاتسا بولۇۋېرىدۇ. لېكىن ياغاقنى تىك ئاتماي يانتۇ ئاتسا ئىناۋەتسىز بولۇپ، قايتا ئاتىدۇ. ئەگەر ياغاق بوشلۇققا تىك ئېتىلمىغان بولسىمۇ، ياغاق سوققۇچى ئۇ ياغاقنى سوقمەن دەپ ھەرىكەت ئىشلەپ سوقالمىغان بولسا، ياغاق سوققۇچى يېڭىلگەن بولۇپ، ياغاق ئاتقۇچىغا بىر ياغاق بېرىدۇ. ئويۇن ئاشۇ تەرىقىدە داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇننى تېخىمۇ ياخشى قائىدىگە سېلىپ مۇسابىقە قىلدۇرساق، قىزىقارلىق تەن تەربىيە ئويۇنى بولىدۇ.

## «ياغاچ پۇتتا مېڭىش» ئويۇنى

ياغاچ پۇتتا مېڭىش — مەملىكىتىمىزدىكى كۆپلىگەن مىللەتلەرگە ئورتاق پائالىيەت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىمۇ ئۇزاق تارىخقا ئىگە.



بەسلىشىش ئۇسۇلى: ياغاچ پۇت بىلەن مېڭىشىشتا بەسلەشكۈچىلەر بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن مېڭىشىش ئارىلىقلىرى بەلگىلىنىدۇ. ئاندىن بەسلىشىشنى باشلاش سىزىقى بىلەن ئاخىرقى نۇقتا سىزىقلىرى سىزىلىدۇ. بەسلەشكۈچىلەر ياغاچ پۇتلۇق بولۇپ، باشلىنىش سىزىقىدا قاتار تۇرىدۇ. ئاندىن باشلاش كوماندىسى بېرىلگەندىن كېيىن بەسلىشىشنى باشلاپ، بەلگىلەنگەن ئارىلىقتا قايسىسى بۇرۇن يېتىپ بارسا، شۇ كىشى يەڭگەن بولىدۇ.

ياغاچ پۇتتا مېڭىش ئىلگىرى ئۇنتۇلۇش گىردابىغا بېرىپ قالغانىدى. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى يەنە قايتىدىن ئەسلىگە كەلدى. رايونىمىزنىڭ پىچان ناھىيەسىدىن چىققان سەمەت ئىمىن ئىسىملىك ئۇيغۇر ئەزىمەت يىگىتى 2003 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنىدىن 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگىچە ئۆزى ياسىغان «ياغاچ پۇت» بىلەن پىچان ناھىيەسىدىن تۇرپان شەھىرىگىچە بولغان 97 كىلومېتىر ئارىلىقنى 42 سائەتتە بېسىپ «گىنىنىس رېكورتى»نى ياراتتى. ئۇ يەنە 2004 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ياغاچ پۇت بىلەن ئۈرۈمچى خەلق مەيدانىدىن ئاتلىنىپ 386 كىلومېتىرلىق ئارىلىقنى بېسىپ، پىچان ناھىيەسىگە بېرىپ يەنە يېڭى رېكورت ياراتتى. ئۇ يەنە مۇشۇ ساھەدە كانادالىق ياغاچ پۇت ماھىرى دوگ خانت 2002 ـ يىلى ياراتقان رېكورتنى بۇزۇپ تاشلىدى. شۇ يىلى كانادا، گېرمانىيە، ياپونىيە قاتارلىق ئەللەردىكى نوپۇزلۇق ئاخبارات ۋاستىلىرى كېلىپ سەمەت ئىمىننى زىيارەت قىلدى.









رەت قىلدى ھەمدە «ياغاچ پۇت شاھى» سەرلەۋھەسىدە مەخسۇس ماقالە ئېلان قىلدى ھەم فىلىم ئىشلىدى. سەمەت ئىمىن 2006 - يىلى پىچان ناھىيەسىنىڭ قۇمتاغ ساياھەت باغچىسىدا 16.41 مېتىر ئېگىزلىكتىكى 64 كىلوگىراملىق ياغاچ پۇت بىلەن 27 قەدەم مېڭىپ، بۇرۇن ياراتقان ئۆز رېكورتىنى يېڭىلىدى. ئەنگلىيە جىننىس دۇنيا رېكورتى باش ئىشتابى خىزمەتچىلىرى نەق مەيداندا ئۇنىڭغا گۇۋاھنامە تارقىتىپ بەردى.



دېمەك، ياغاچ پۇت بىلەن مېڭىش بىزدە قايتا جانلىنىش باسقۇچىغا كىردى. شۇڭا 2010 - يىلى 9 - ئايدا قومۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن 7 - نۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت يىغىنىدا بىرىنچى قېتىم ياغاچ پۇت بىلەن مېڭىش مۇسابىقە تۈرى قىلىنىپ، كىشىلەرنىڭ ياخشى باھاسىغا، ئالقىشىغا ئېرىشتى.

## «غىل تېيىلىش» ئويۇنى



غىل تېيىلىش — ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ قىش كۈنلىرى دەريا - كۆللەر، ئېتىز - ئېرىق ۋە ئۆستەڭلەردىكى مۇزدا تېيىلىپ ئوينايدىغان تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنىڭ بىرى. ئۇ، كىشىلەرنىڭ بەدىنىنى چېنىقتۇرۇپ، تەمكىنلىكىنى، قەيسەرلىكىنى ۋە ساغلاملىقىنى ئاشۇرىدۇ. بۇ پائالىيەت شىنجاڭنىڭ ھەممە جايلىرىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: غىل تېيىلغۇچىلارنىڭ ئۆتۈكىنىڭ پاشنىسىغا ناھال قاقتۇرۇلغان بولىدۇ. غىل تېيىلغۇچى يىراقتىن يۈگۈرۈپ كېلىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىنى سەل كۆتۈرۈپ، ئىككى قولىنى ئىككى يانغا كېرىپ، ناھال ئارقىلىق مۇزنى سىجاپ ئىز چىقىرىپ تېيىلىپ ماڭىدۇ.



غىل تېيىلىش شارائىتقا ئاساسەن ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، كۆلىمى كەڭ، ئارىلىقى ئۇزۇن كەلگەن مۇز ئۈستىدە ئۇزۇن ئارىلىققا تېيىلىش، ئىككىنچى خىلى بولسا، كىچىك كۆللەردە ئايلىنىپ تېيىلىش.

غىل تېيىلىشنىڭ شەكلى ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن مۇز ئۈستىدە يۇقىرى ماھارەت تەلەپ قىلىنىدىغان پائالىيەت، ئەگەر غىل تېيىلغۇچى بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا



ماھىر بولمىسا، يىقىلىپ كېتىدۇ ياكى ئۇزۇن ئارىلىقتا تېيىلىپ بارالمايدۇ. شۇڭا بۇ پائالىيەتمۇ ئۇزۇن ۋاقىتلىق تەكرار مەشىق قىلىش تەلەپ قىلىدۇ. بۇ، پائالىيەتتە خەلق ئارىسىدا كىم ناھال قويۇپ ئۇزۇن ئارىلىقتا تېيىلالىسا، كۆللەردە تېيىلىپ كۆپرەك ئايلىنالىسا، شۇ كىشىنىڭ غىل تېيىلىش ماھارىتى ئۈستۈن ھېسابلىنىدۇ.

بۇ پائالىيەتنى تېخىمۇ قىزىقارلىق، ياخشى ئېلىپ بېرىش ۋە ئۆزئارا رىقابەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇكەممەل، ئىلمىي مۇسابىقە قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىش زۆرۈر.

مۇز تېيىلىش ئەرلەر بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. چوكان - قىزلارمۇ دەريا - كۆللەردىكى مۇز ئۈستىدە تېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ تېيىلىشىنى بۇرۇنلاردا «چوكان غىل» تېيىلىش دەپ ئاتاتتى. قىزلار كۆپىنچە مۇز ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ تېيىلىدۇ. بۇلارنىڭ ئاشۇ خىل تېيىلىشىدا كىم زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئەڭ ئۇزۇن ئارىلىقتا تېيىلىپ بارالىسا، شۇ قىز قالتىس ماھارەتلىك ھېسابلىنىدۇ.



## «قاياق» ئويۇنى

قاياق ئويۇنى ــ ئۇيغۇرلارنىڭ يىراق قەدىمكى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ قار تېيىلىش ئويۇنىدىن ئىبارەت. بۈگۈنكى كۈندە قاياق ئويۇنى چاڭغا تېيىلىش نامى بىلەن داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

قاياق ئويۇنى قەدىمدىن بۇيان كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى، سوغۇققا چىداملىقلىقىنى ئاشۇرۇشتا، شۇنىڭدەك قەيسەر ھەم باتۇرلۇقنى يېتىشتۈرۈشتە كەم بولسا بولمايدىغان تەنتەربىيە تۈرلىرىنىڭ بىرى دەپ قارالغان. تەتقىقاتچىلارنىڭ قارىشىچە، قاياق ئويۇنى ئېلىمىزنىڭ شىمالىدىكى جايلاردا بارلىققا كەلگەن ھەم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا تارقالغان بولۇپ، جۇڭگو كىلاسسىك تارىخىي ماتېرىياللىرىدا قاياق ۋە ئۇنىڭ ئانا ماكانى ھەققىدە يېتەرلىك تارىخىي پاكىتلار قالدۇرۇلغان. دەل شۇنداق بولغاچقا، جۇڭگو قار تېيىلىش جەمئىيىتى بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئالتايدا «ئالتاي خىتابنامىسى»نى ئېلان قىلىپ، «ئالتاي ۋىلايىتى دۇنيادىكى قار تېيىلىش ئەڭ بۇرۇن باشلانغان جاي» دەپ جاكارلىدى ھەمدە بۇ يىلدىن باشلاپ، ھەر يىلى 1 - ئاينىڭ 16 - كۈنىنى «دۇنيادا ئەڭ بالدۇر قار تېيىلىش مەيدانغا كەلگەن جاينى خاتىرىلەش كۈنى» قىلىپ بېكىتتى. ئىلگىرى كىشىلەر قار تېيىلىشتا پۇتىغا پۇتىنىڭ پەنجىسىدەك، ئۇزۇنلۇقى 50 - 70 سانتىمېتىر كەلگۈدەك نېپىز تاختىنىڭ ئاستىغا بۇغا تېرىسىنى چاپلاپ ياكى چانا ياساپ، ئىككى قولىغا تىرەپ مېڭىش تايىقى ئېلىپ، ئېگىزدىن پەسكە ياكى تەكشى قار ئۈستىدە تېيىلاتتى. ئەنە شۇ بۇغا تېرىسىنى چاپلىۋالىدىغان تاختا قاياق دەپ ئاتىلاتتى. ئۇ يەنە جۇڭگو تارىخىي ماتېرىياللىرىدا تىلغا ئېلىنغان «قىللىق قار تېيىلىش تاختىسى»، شۇنىڭدەك بۈگۈنكى دەۋردىكى چاڭغىنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

قار تېيىلىش تاختىسى (قاياق ــ چاڭغا) قار ئۈستىدە تېيىلىدىغان تەنتەربىيە قورالى بولۇپ، قار تېيىلىش شەكلى ۋە تۈرلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن، ئوخشىمىغان شەكىلدە ياسىلىدۇ. ئادەتتە قار تېيىلىش تاختىسى ئېگىز تاغلاردىن تېيىلىش، سۇپىدىن سەكرەپ تېيىلىش، فىگۇرا چىقىرىپ تېيىلىش ۋە ئوۋ ئوۋلاشتا تېيىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان قار تېيىلىش تاختىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇيغۇرلار قەدىمدە قاياقتا قار تېيىلىشنى بىر تۈرلۈك كۆڭۈل ئېچىش - تەنھەرىكەت ئويۇنى سۈپىتىدە چۈشىنىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قىش كۈنلىرىدىكى ئوۋ ئوۋلاش ۋە ھەربىي نەقلىيات ئىشلىرىنىڭ








ياخشى ۋاستىسى دەپ چۈشەنگەن. قار تېيىلىش تاختىسى ئىلگىرى ئاددىي ياغاچچىلىقتىن ياسالغان بولسا، بۈگۈنكى كۈندە سولياۋ ۋە يېنىك مېتاللاردىن ياسالغان ئېلاستىكلىق، سۈرئىتى تېز بولغان ھازىرقى زامان قار تېيىلىش تاختىلىرىغا ئۆزگەردى. ھاسا — قار تېيىلىش ھەرىكىتىدىكى مۇھىم قوراللارنىڭ بىرى، تېيىلغۇچى ھەر ئىككى قولىغا بىردىن ھاسا تۇتىدۇ. ھاسا باش پەللىدىن قوزغىلىشتا ۋە تېيىلىۋېتىپ تېخىمۇ تېزلىككە ئېرىشىشتە، ئەگىلىشلەردە ئىشلىتىلىدۇ، لېكىن سەكرەش سۇپىسىدىن سەكرىگەندە ئىشلىتىلمەيدۇ.



## «ئوردىكام» ئويۇنى

ئوردىكام ئويۇنى — ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ئەنئەنىۋى ئويۇن تۈرلىرىنىڭ بىرى
بولۇپ، ئاساسەن جەنۇبىي شىنجاڭ ئۇيغۇرلىرى ئارىسىدا ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان
ئوينىلىپ كەلمەكتە.
ئوردىكام ئويۇنى تۈزلەڭ يەرلەردە، مال باقىدىغان يايلاق - جاڭگاللاردا، يېزا -مەھەل-
لىلەردە ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇن ئۈچۈن ئالدى بىلەن ئادەم سانىنىڭ ئاز -كۆپلۈكىگە قاراپ
چەمبەر شەكلىدە مەيدان سىزىلىدۇ. ئاندىن شۇ سىزىق ئايلانمىسى بويىچە تەخمىنەن ھەر-
بىر - ئىككى مېتىر ئارىلىقتا بىردىن كىچىك ئورەك كولىنىدۇ (ئورەكنىڭ ھەجمى چاي پىيا-
لىسى چوڭلۇقىدا). كولانغان ئورەكنىڭ سانى قاتنىشىدىغان ئادەمنىڭ سانىدىن بىرى كەم
بولىدۇ. چەمبەر شەكلىدىكى بۇ مەيداننىڭ ئوتتۇرىسىغا بالىچۇق (توپ) ھەيدەپ كىرگۈزۈ-
لىدىغان بىر ئانا (مەركىزىي) ئورەك (ئوردا دېيىلىدۇ) كولىنىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلارنىڭ
ئۆزىنىڭ بوي ئېگىزلىكىگە ئاساسەن ئۆزلىرى تاللاپ
ياراتقان نوغۇچ شەكلىدىكى بىردىن كالتەك تاياق
ھەمدە يۇمىلاق ياكى ئۇزۇنچاق (باشمالداقتىن سەل
چوڭراق) ھالەتتىكى بىر دانە ياغاچ بالىچۇق تەي-
يارلايدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغانلار تەخ بولغاندىن
كېيىن بىر كوماندا بىلەن تەڭ چاقماق تېزلىكىدە
ھەربىرى بىردىن ئورەكنى ئىگىلەپ ئانچۇق تاياق
(توپ ئۇرىدىغان كالتەك) نى ئورەككە سولاپ تۇ-
رىدۇ. ئورەك ئىگىلەش ھوشيارلىق ۋە چەبدەسلىك-
نى تەلەپ قىلىدۇ. ئەگەر كىم ئورەك ئىگىلىيەلمىگەن
بولسا شۇ كىشى توپقا مەسئۇل بولۇپ، بالىچۇقنى
مەيدان سىرتىدىن توپ ئۇرۇش كالتىكى بىلەن
مەيدان ئىچىگە ھەيدەپ ئەكىرىپ، پەم بىلەن ئوت-
تۇرىسىدىكى مەركىزىي ئورەككە سولاش ئۈچۈن
ھەرىكەت قىلىدۇ. قالغان ئويۇنچىلار ھەم ئۆزىنىڭ
ئورىكىنى، ھەم مەركىزىي ئورەكنى قوغدايدۇ.







ھەربىر ئورەكنىڭ ئىگىلىرى توپنى مەركىزىي ئورەكتىن يىراقلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئورەككە
كىرىش ئېھتىمالى بولغان توپنى كالتەك تايىقى بىلەن ئۇرۇپ يىراققا ھەيدىۋېتىشكە ھەرىكەت
قىلىدۇ. ئورەك باققۇچى مۇشۇ مەقسەتتە تايىقنى ئورەكتىن چىقارغان ھامان ئورەككە ئىگە
بولالمىغان توپ ھەيدىگۈچى پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، چاققانلىق بىلەن تايىقنى ھېلىقى بوش
ئورەككە تىقىۋالسا، بۇ ئورەكىنىڭ ئىگىسى ئوردىسىدىن مەھرۇم قالىدۇ ـ دە، ئورنىكى
(ئوردىسى) نى ئىگىلىۋالغان كىشى ئورنىدا مەيداننىڭ سىرتىغا چىقىپ قايتىدىن توپ ھەي-
دەشكە مەسئۇل بولىدۇ. ئويۇن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا دەۋرسىمان داۋاملىشىۋېرىدۇ. ئارىلىق-
تا ئويۇننى تېخىمۇ قىزىتىش ۋە ئەۋجىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئويۇن باشلىقىنىڭ «كۆچ--
كۆچ» دېگەن كوماندىسى بىلەن تەڭ، ئورەك ئىگىلىرى تايىقنى كۆتۈرۈپ، ئۆزئارا ئورەك
ئالماشتۇرىدۇ. ئەگەر مۇشۇ «كۆچ ـ كۆچ» پەيتىدە ئورنىكى يوق توپ ھەيدىگۈچى چاققان-
لىق بىلەن بىرەر بوش ئورەككە تايىقنى سېلىۋالسا، ئۇ ئورەك شۇنىڭغا مەنسۇپ بولۇپ،
بىخەستەلىك قىلىپ كىم ئورەك ئىگىلىيەلمىگەن بولسا، شۇ داۋاملىق توپ ھەيدەشكە مەسئۇل
بولىدۇ. ئەگەر توپ ھەيدىگۈچى بالىچۇقنى باشقىلارنىڭ ئۇرۇپ يىراقلاشتۇرۇشىغا يول
قويماي، ئەپچىللىك بىلەن توپنى مەركىزىي ئورەككە كىرگۈزۈۋالسا، شۇ ھامان بىر قېتىملىق
ئورەك كۆچۈش (كۆچ ـ كۆچ ) بولىدۇ. شۇ جەرياندا ھەركىم چاققانلىق بىلەن ئورەك ئى-
گىلىشى شەرت. ناۋادا ئورەك ئىگىلىيەلمەي سىرتتا قالغىنى يەنە توپ ھەيدەپ كېلىشكە
مەسئۇل بولىدۇ. ئەگەر ئىككى كىشىنىڭ تايىقى ئورەككە سېلىنىپ قالسا، كىمنىڭ تايىقى ئو-
رەككە بالدۇر سېلىنغان بولسا، ئورەك شۇ كىشىگە مەنسۇپ بولىدۇ. كىم بۇرۇن ئىگىلە-
گەنلىكى ئايرىلمايدۇ. ئورەك تالىشىش يۈز بەرسە ئويۇن باشلىقى ھۆكمى بىلەن يەنە بىر
قېتىم «كۆچ ـ كۆچ» قىلىنىدۇ. بۇ ئويۇننى ئويناشتا ئوينىغۇچىلار توپ كالتىكى بىلەن بىر
ـ بىرىنىڭ پۇتىغا ياكى باشقا جايلىرىغا ئۇرۇشقا، بالىچۇقنى قولى بىلەن تۇتۇپ ئويناشقا
رۇخسەت قىلىنمايدۇ. ئويۇن تەرتىپىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار سېزىلسە، ئۇ كىشى ئويناشتىن
مەھرۇم قىلىنىدۇ ياكى باشقا ئۇسۇللار بىلەن تەن-
بىھ بېرىلىدۇ.



«ئوردىكام» ئويۇنى ئىنتايىن قىزىقارلىق بو-
لۇپ، چەبدەسلىكنى، ھوشيارلىقنى، پەملىك بو-
لۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئويۇن كىشىنىڭ غەيرى-
تىنى، ئىرادىسىنى كۈچەيتىپ، ئىتتىپاقلىق ئېڭىنى
ئۆستۈرىدۇ.

## «ياغلىق تاشلاش» ئويۇنى

ياغلىق تاشلاش ــ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ياش - ئۆسمۈرلىرى ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدى-
غان تېزلىك، ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدىغان قىزىقارلىق ئەنئەنىۋى ئويۇنلارنىڭ بىرى، بۇ
ئويۇنغا ئاز بولغاندا 15 تىن ئارتۇق قىز - ئوغۇل قاتناشسا بولىدۇ. قاتناشقۇچىلارنىڭ
سانى بۇنىڭدىن ئاز بولسا، ئويۇن قىزىمايدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن، ئۇلار ئىچىدىن
ئىختىيارىي ئاساستا ياكى چەك تاشلاش ئارقىلىق ياغلىق تاشلىغۇچى بەلگىلىنىدۇ. قالغانلار
دۈگىلەك چەمبەر ھاسىل قىلىپ يېقىن - يېقىن ئولتۇرىدۇ. ياغلىق تاشلىغۇچى دۈگىلەك
چەمبەر ھاسىل قىلىپ ئولتۇرغانلارنىڭ كەينىدىن ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ، ياغلىقنى خالىغان
بىرىنىڭ كەينىگە بىلدۈرمەي تاشلايدۇ. ئەگەر ئارقىغا ياغلىق تاشلانغان بالا ياغلىق تاشلى-
غۇچى ئايلىنىپ ئۆز يېنىغا كەلگۈچە ياغلىقنىڭ كەينىگە قويۇلغانلىقىنى بىلمەي قالسا، ياغلىق
تاشلىغۇچى تاشلانغان ياغلىقنى ئېلىپ ياغلىق تاشلانغان بالىنى چەمبەرنى ئايلىنىپ يۈگۈ-
رۈپ ئۆز يېنىغا كەلگۈچە ئۇرىدۇ. ئاندىن ئىككىسى ئورۇن ئالماشتۇرۇپ ئويۇننى دا-
ۋاملاشتۇرىدۇ. ئەگەر ياغلىقنىڭ ئارقىغا قويۇلغانلىقىنى سېزىپ قال-
سا، ئۇ ھالدا ياغلىقنى ئېلىپ ياغلىق تاشلىغۇچىنى قوغلاپ، ياغلىق
تاشلانغان بالىنىڭ ئورنىغا كېلىۋالغىچە ئۇرىدۇ.
ئۇرالمىسا، ئۇنىڭ ئورنىغا ياغلىق تاشلىغۇچى
ئولتۇرىدۇ - دە، ياغلىق تاشلىغۇچى ئويۇن







باشلايدۇ. ئويۇن ئاشۇ تەرىقىدە تاكى ئويۇنچىلار بولدى قىلغىچە داۋاملىشىدۇ.

دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار: ئىككى قات قىلىپ ئېشىلگەن ياغلىق بىلەن بىر - بىرىنىڭ باش قىسمىغا ئۇرۇشتىن ۋە باشقا جايلىرىغا ئۇرغاندىمۇ قاتتىق ئۇرۇۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم.

## «قارلىق تاشلاش» ئويۇنى



قارلىق ئويۇنى ــ ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگـ- دۇر. ئۇيغۇر خەلقى قارنى «خۇدانىڭ رەھمىتى» دەپ بىلىدۇ. شۇڭا، تۇنجى ياغقان قار خۇشاللىقىدا «قارلىق ئويۇنى»نى باشلايدۇ. بەزىلەر تۇنجى قار يېغىشتىن بۇرۇنلا «قارلىق» تاشلـ- ىنىدىغان ئۆينى نىشانلاپ قويىدۇ. تۇنجى يېغىۋاتقان ياكى تۇنجى قار يېغىپ توختىغان ھامان:

قاردا قارلىق تاشلىدۇق،
بۇ ئويۇننى باشلىدۇق.
يېڭى قارنىڭ خۇشلۇقىدا،
سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.



دەپ باشلانغان ۋە:


قارلىق ئاپارغان كىشىنى،
پەم بىلەن تۇتسىلا.
يۈزلىرىگە قار سۈركەپ،
ئالدىمىزغا كەلسىلە.

دەپ ئاخىرلاشقان قارلىقنى يېزىپ، نىشانلانغان ئۆيگە يېقىن بولسا پىيادە، يىراق بولسا ئۇلاغلىق بېرىپ، قارلىقنى ئۆيىنىڭ بەلگىلىك بىر يېرىگە تىقىپ قو-

يۇپ، ئۆيدىن چىقىۋېتىپ «پالانى يەردە قارلىق قويۇپ قويدۇم» دەپلا قاچىدۇ. قارلىق
تاشلانغان ئۆيدىن بىر ئادەم قوغلايدۇ. ئەگەر ئۇنى تۇتۇۋالسا، ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزىنى
بوياپ جۇۋىنى تەتۈر كىيگۈزۈپ مەھەللىمۇمەھەللە ئايلاندۇرىدۇ. تۇتۇلۇپ قالغان تە-
رەپ ئالاھىدە مېھمان چاقىرىپ «قارلىق چېيى» ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ. ئەگەر قارلىق ئە-
كەلگۈچى تۇتۇلماي قېچىپ كەتسە، قارلىق تاشلانغان ئۆي قارلىق چېيى بېرىدۇ. شۇن-
داق قىلىپ، مەھەللىدە قىش بويى «قارلىق چېيى» ئۈزۈلمەيدۇ.


«قارلىق ئويۇنى» ئۇيغۇرلارنىڭ تەبىئەتكە سىغىنىش ۋە ئاقنى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت
قەدىمكى ئېتىقادىدىن كېلىپ چىققان.

## «قوشماق ئاداش» ئويۇنى



«قوشماق ئاداش» ئويۇنى بىلەن توپۇق ئويۇنى
ئۇيغۇرلار ئارىسىدا دوستلۇق، ۋاپادارلىق، ساداقەت-
مەنلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە داۋاملىشىپ كېلىۋات-
قان ئەنئەنىۋى ئويۇن.

قوشماق ئاداش ئويۇنى ـ خەلقىمىز ئىچىدە كەڭ
ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىككى ياشنىڭ ساداقىتىنى ئە-
پادىلەشنىڭ سىمۋولى قىلىنغان. ئويۇن ئۆرۈك ئۈچكىسىدىن جۈپ (قوشماق) چىققان
مېغىز تالىنىپ قوشماق ئوينىغۇچى ئىككى
تەرەپ بىردىن يەيدۇ. يېيىش ۋاقتىدا
ۋاقىت بەلگىلەپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا
كىم بالدۇر «ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوش-
ماق ئاداش» دەۋالسا شۇ ئۇتقان بولى-
دۇ. ئۇتتۇرغۇچى ۋەدىلەشكەن نەرسىنى
ئۇتقۇچىغا بېرىدۇ. بۇ ئويۇن كۆرۈنۈشتە
ئاددىي بولغان بىلەن ئىككى دوستنىڭ
بىر ئۈچكە ئىچىگە سىغقان قوشماق مې-
غىزدەك دوستلۇقنى ئىپادىلەيدۇ.








## «جۈپ - تاق» ئويۇنى

بۇ ئويۇن ئۇيغۇر بالىلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنى بولۇپ، بۇ ئويۇننى ئوغۇل بالىلار ئوينايدۇ. ئويۇنغا قانچە بالا قاتناشسىمۇ ئىككى بالا جۈپ - تاق ئوينايدۇ. بۇ ئويۇندا شاپتۇل، ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى ئىشلىتىلىدۇ. بىرقانچە ئۇرۇقچا سىغقۇدەك بىر دانە ئورەكچە كولىنىپ، كولانغان ئورەكتىن 1.5 مېتىر يىراقلىقتىكى ئورەككە ئۇرۇقچا تاشلاش ئورنى بەلگىلىنىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: ئويۇنغا قاتناشقۇچى ئىككى بالىنىڭ بىرى تاق سان، يەنە بىرى جۈپ ساننى تاللايدۇ. بىرى قانچە ئۇرۇقچا چىقارغان بولسا يەنە بىر بالىمۇ شۇنچە ئۇرۇقچا چىقىرىپ نۆۋەت بىلەن كولانغان ئورەككە بىر قولىنىڭ چاڭگىلى (سىقىمى) بىلەن ئۇرۇقچا تاشلايدۇ. ئورەككە چۈشكەن ئۇرۇقچا جۈپ بولسا، جۈپ سان بولغۇچى بالا ئۇتقان بولۇپ، ئورەكتىكى ھەممە ئۇرۇقچىنى ئالىدۇ. ئەگەر تاق چۈشسە، تاق سان بولغۇچى ئۇتقان بولىدۇ. ئورەككە ئۇرۇقچا ئاتقان بالا قولىدىكى ئۇرۇقچىلارنى ئويناپ تۈگەتكەندىن كېيىن، قايتىدىن يەنە ئۇرۇقچا چىقىرىشىپ يەنە بىر بالا ئورەككە ئۇرۇقچا تاشلايدۇ. ئويۇن ئاشۇ ئۇسۇلدا داۋاملىشىپ، ئويۇننى ئىككى بالا توختاتقاندا ياكى ئىككى بالىنىڭ بىرىنىڭ ئۇرۇقچىسى تۈگىگەندە ئويۇن ئاخىرلىشىدۇ.



جۈپ - تاق ئويۇنىنىڭ يەنە بىر تۈرلۈك ئوينىلىشى بولۇپ، ئۆرۈك ئۇرۇقچىسى ياكى ئۇششاقراق چىلاندىن بىرقانچىسىنى ئويۇنغا چۈشكۈچى ئىككى بالىنىڭ بىرى يەنە بىر بالىغا كۆرسەتمەي، قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ سىقىملاپ ئاندىن قولىنى چىقىرىپ «جۈپمۇ - تاقمۇ؟» دەيدۇ. جاۋاب بەرگۈچى بالا جۈپ دېگەن بولسا، قولىدىكى ئۇرۇقچا جۈپ بولسا، جاۋاب بەرگۈچى بالا ئۇتقان بولىدۇ، ئەكسىچە بولسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ.



## «موت كەتتى» ئويۇنى

«موت كەتتى» ئويۇنى «توك كەتتى»، «ئۇرۇش كەتتى» دېگەنگە ئوخشاش
ناملار بىلەن كەڭ تارقالغان قىزىقارلىق ئويۇنلارنىڭ بىرى بولۇپ، ھەرقايسى پەسىل-
لەردە قىز - ئوغۇللارنىڭ ئوينىشىغا باب كېلىدۇ. مۇۋاپىق ئويۇن سورۇنى قىلىپ تاللى-
نىدۇ، ئويۇنغا ئادەتتە 5 - 10 بالا قاتنىشىدۇ.

باللار ئويۇننى باشلاشتىن ئاۋۋال قاتارغا تىزىلىپ تۇرىدۇ. «ئانا» بولغۇچىلار قا-
تارنىڭ ئىككى بېشىدا تۇرۇپ ئويۇننىڭ تەرتىپى، قائىدىلىك ئوينىلىشى، سەپنىڭ بۇزۇ-
لۇپ كەتمەسلىكى، شۇنىڭدەك ھەر خىل ئۇقۇشماسلىقلار تۈپەيلى كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى
بولغان تاسادىپىيلىقلارغا مەسئۇل بولىدۇ. ئويۇن قاتارنىڭ بىر بېشىدىكى «ئانا»نىڭ
«موت كەتتى - توك كەتتى» دېگىنىچە يېنىدىكى بالىنىڭ دولا ياكى دۈمبىسىگە بوشراق
ئۇرۇشى بىلەن باشلىنىدۇ. ئويۇن باشلىغان «ئانا» نىڭ يېنىدا تۇرغان بالىمۇ بايىقى پە-
ددە يېنىدىكى بالىنى نوقۇيدۇ. ئويۇن شۇ ئۇسۇلدا قاتارنىڭ بۇ بېشىدىن باشلىنىپ ئۇ
بېشىدا، ئۇ بېشىدىن باشلىنىپ بۇ بېشىدا ئاخىرلىشىدۇ. تەلەپ شۇكى، ئويۇنغا قاتناشقان
ھەربىر بالا سەپنىڭ بەلگىلەنگەن يېرىدە ئالدى تەرەپكە قاراپ تەرتىپلىك تۇرۇشى، بىر -






بىرنى گەپكە تۇتماسلىقى، «موت كەتتى» نۆۋىتىنىڭ كېلىپ قېلىشىغا دىققەت قىلىپ ئويۇنى ئاقسىتىپ قويۇشتىن ساقلىنىشى، ئويۇننىڭ قائىدىلىرىگە بويسۇنۇشى، «موت كەتتى»نى باھانە قىلىپ يېڭىلگەندىكىلەرنى قاتتىق ئۇرماسلىقى، كەلسە ـ كەلمەس ۋارقىراپ ئويۇن تەرتىپىنى بۇزماسلىقى، ئۆز سەۋەنلىكى تۈپەيلى بېرىلگەن «جازا»نى ياۋاشلىق بىلەن قوبۇل قىلىپ ئويۇننىڭ نورمال داۋاملىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، «موت كەتتى» نۆۋىتىدە پەقەت قولىنىلا ئىشلىتىشى، بولۇپمۇ قىز باللارغا سىلىق ـ سىپايە بولۇشى لازىم.

باللار بۇ ئويۇن ئارقىلىق كىچىكىدىن قائىدە ئۆگىنىدۇ، سەزگۈرلۈكىنى ئاشۇرۇپ، ھازىر جاۋابلىق بىلەن چاققان ھەرىكەت قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش قابىلىيىتىنى ئۆستۈرىدۇ.

## «ئوردا كاتىكى» ئويۇنى

«ئوردا كاتىكى» ئويۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، خۇسۇسەن خوتەن رايونىدا ئومۇملاشقان، باللارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇ ئويۇننى ئوغۇللار قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە مەيدان ياكى چىملىقتا ئوينايدۇ. ئويۇندا ئادەتتىكى خام يىپتىن ئالما شەكلىدە چىرايلىق ياسالغان توپ ئويۇنچۇق قىلىنىدۇ.



بۇ ئويۇنغا قانچە بالا قاتناشماقچى بولسا توپ بىمالال پاتقۇدەك شۇنچە كاتەك ئايلانما ھالەتتە كولىنىپ، بىر چەمبەر ھاسىل قىلىنىدۇ. ھەربىر بالا بىردىن كاتەكنى ئىگىلەيدۇ، كاتەكلەرنىڭ ئارىلىقى 40 ~ 50 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. چەمبەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەتراپتىكى تۆشۈكلەردىن چوڭراق بىر كاتەك كولىنىدۇ، بۇ كاتەك «ئوردا كاتىكى» دېيىلىدۇ.


ئويناش ئۇسۇلى: مۇسابىقىلەشكۈچىلەر بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن، چەك تاشلاش ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق كاتەكلەرگە توپ تاشلىغۇچى بەلگىلەپ چىقىلىدۇ، ئاندىن بەش مېتىرچە ئارىلىقتىن ئوردا كاتىكىگە توپ تاشلاش باشلىنىدۇ. ئەگەر تاشلانغان توپ ئوردا كاتىكىگە چۈشمەي، توپ ئاتقۇچىنىڭ

كاتىكگە چۈشۈپ قالسا ياكى ھېچقايسى كاتەككە چۈشمىسە، توپ تاشلاش نۆۋىتى يەنىلا شۇ بالىدا بولۇۋېرىدۇ. ناۋادا تاشلانغان توپ باشقىلارنىڭ كاتىكگە چۈشۈپ قالسا، توپ تاشلاش نۆۋىتى توپ چۈشكەن كاتەك ئىگىسىگە ئۆتىدۇ. ئەگەر تاشلانغان توپ ئوردا كاتىكگە چۈشسە، توپ تاشلىغان بالا توپنى دەرھال كاتەكتىن ئېلىپ، باشقىلارنى قوغلاپ تاكى قېچىش پەللىسىگە بېرىۋالغۇچى توپ بىلەن ئۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپە تەلەپكە لايىق ئورۇنلانسا، توپ تاشلاش نۆۋىتى ئۇرۇلغۇچىغا ئۆتىدۇ؛ ئەگەر ئورۇنلانمىسا توپنى يەنىلا شۇ بالىغا تاشلايدۇ.

ئەگەر ئوردا كاتىكگە توپ چۈشۈرگەن بالا قېچىش پەللىسىگە قاراپ قېچىۋاتقان ئەزالارنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا ۋە ئۇرۇلغۇچى بالا دەرھال توپنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇۋالغۇچى بالىنى قېچىش پەللىسىگە بېرىۋالغۇچە يەنە قايتۇرۇپ ئۇرۇۋالسا، توپنى يەنىلا دەسلەپ توپ تاشلىغان بالا تاشلايدۇ. قېچىش ئارىلىقى ھەربىر ئەزانىڭ كاتىكى ئۇدۇلىدىن 30 مېتىر يىراقلىقتا بولىدۇ. توپنى ھەركىم ئۆز كاتىكى ئۇدۇلىدىن بەش مېتىر نېرىدا تۇرۇپ تاشلايدۇ.


بالىلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق يۈگۈرۈش تېزلىكىنى قەدەممۇقەدەم ئاشۇرۇپ، خىلىلا ئوبدان بەدەن چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ؛ نىشانلىق، مەقسەتلىك ئىش قىلىشنى ئۆگىنىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ.







## «تىزىق» ئويۇنى



«تىزىق» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز
ئۆسمۈرلىرىنىڭ روشەن خاسلىقتا ئىگە
ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى بولۇپ
ياز، كۈز كۈنلىرى مېۋىلىك باغ ياكى
ئېتىز ـ ئېرىق بويلىرىدا ئوينىلىدۇ.
قىزلار ئادەتتە بۇ ئويۇننى ئويناش-
تىن ئىلگىرى بەلگىلىك مىقداردا ئۆرۈك مېغىزى، يىپ، يىڭنە قاتارلىقلارنى تەييارلايدۇ.
يىپ يىڭنىگە ئۆتكۈزۈلۈپ تەخلىنىدۇ. ئويۇن رەسمىي باشلانغاندىن كېيىن، ئىككىدىن
قىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، بىرلا ۋاقىتتا تىزىق ئۆتكۈزۈشكە كىرىشىدۇ. شەرت شۇكى،
ئىككى قىز يىڭنىگە ئۆتكۈزگەن يىپ ئوخشاش ئۇزۇنلۇقتا، يىڭنىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى
بىر خىل بولۇشى، يىڭنە مېغىزنىڭ دەل ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكۈزۈلۈشى، تىزىقلار تەڭ ئۇ-
زۇنلۇقتا پۈتۈپ چىقىشى كېرەك. بىر تىزىق پۈتكەن هامان ئىككى ئۇچى بىر ـ بىرىگە
چىگىلىپ هالقا شەكلىگە كەلتۈرۈلىدۇ. ئويۇن داۋامدا يىپنى ئۈزۈۋېتىش، توقۇناق قىلىپ
قويۇش تۈپەيلى ۋاقىتنى ئۇزارتىۋەتكەنلەر ياكى
تىزىقنى سۈپەتسىز قىلىپ قويغانلارغا بەلگىلەن-
گەن تىزىق سانى توشۇپ ئويۇن خۇلاسىلەنگەن
چاغدا پەرقلىق مۇئامىلە قىلىنىدۇ. گۇرۇپپىلاش-
قان ئىككى قىزدىن قايسىسى سان ـ سۈپەتكە
كاپالەتلىك قىلىش شەرتى بىلەن تىزىقنى قانچە-
كى تېز پۈتكۈزۈپ بولالىسا، غەلىبە شۇنىڭ بو-
لىدۇ. يېڭىلگۈچى «جازا»غا تارتىلىدۇ. بۇ هال
ئويۇننىڭ بىر قېتىم خۇلاسىلەنگىنى بولۇپ، يە-
نە شۇ تەرزدە داۋام قىلىدۇ. ئويۇن ئاخىرلاش-
قاندا قىزلار تىزغان تىزىقلىرىنى ئاتا ـ ئانىلى-



رىغا، دوستلىرىغا، يېقىن كىشىلىرىگە سوۋغا قىلىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى كىچىكىدىنلا دوستلۇق ـ ئىناقلىقنى، قېرىنداش ۋە تۇغقانلار
ئارا مېھىر ـ مۇھەببەتكە، كۆڭۈل ئالماشتۇرۇش، ئۆزئارا ياد ئېتىش، چوڭلارنى، تۇغ-
قانلارنى ھۆرمەتلەش قاتارلىقلارغا ئۈندەيدۇ.



## «سەگۈنچەك» ئويۇنى



«سەگۈنچەك» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياشاش شارائىتى، ئانا يۇرتىنىڭ
جۇغراپىيەلىك ئورنى ۋە تەبىئىي ئەۋزەللىكلىرى بارلىققا كەلتۈرگەن ئەنئەنىۋى ئو-
يۇنلارنىڭ بىرى. ئۇ «ئىلەڭگۈچ» ئويۇنىدىن بەزى روشەن ئالاھىدىلەر ئارقىلىق پەرقلە-
نىپ تۇرىدۇ. بۇ ئويۇن ئومۇمەن ياز، كۈزدە ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرى ياكى دەرەخ-
لىكلەردە، ئايرىم ھاللاردا قىش پەسلىدە ئېگىز ئايۋان ـ پېشايۋانلاردا قىزلارنىڭ ئوي-
نىشىغا باب كېلىدۇ.



قىزلار ئاۋۋال ۋاقىت ۋە ئورۇننى بېكىتىۋالىدۇ، ئاندىن ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن
پۈتۈشكەن جايغا يىغىلىدۇ. بالىلارنىڭ ئىمكانىيىتىگە قاراپ سەگۈنچەككە لازىملىق بول-
غان ئارغامچا ـ تانا، ئەدىيال، كۆرپە، چوڭ بارماق توملۇقىدا كەرگە قاتارلىق نەرسە-
لەرنى ئالغاچ كېلىشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ئويۇن قانداق جايدا ئوينىلىشتىن قەتئىينەزەر،
سەگۈنچەك بەلگىلىك ئارىلىقتىكى بىر جۈپ دەرەخ، تۈۋرۈك ياكى ئىشىك ـ دېرىزە
راملىرى ئارىسىغا ياسىلىدۇ، بالىلارنىڭ بويى يەتكۈدەك ئېگىزلىك ئۆلچەم قىلىنىدۇ،
سەگۈنچەكنىڭ باش ـ ئاياغ تەرىپى پەرقلىق بولىدۇ. تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن،
«ئۇچقۇچى» بىلەن «تەۋرەتكۈچى» بەلگىلەپ چىقىلىدۇ. قالغانلار ئەتراپتا تۇرۇپ، بۇ
ئىككىيلەننىڭ ئويۇنىدىن زوقلانغاچ ھەرىكىتىگە باھا بېرىدۇ. ھەرىكەتنى ئۆلچەملىك، نە-
پىس، سەنئەتلىك بولغانلارنى ئۇستاز تۇتۇپ، ئۆزلىرىگە ئۆگىتىپ قويۇشنى ئىلتىماس
قىلىدۇ. ئەكسىچە بولغانلارغا سەمىمىي تەكلىپ ۋە ياردەم بېرىلىدۇ.



«ئۇچقۇچى» بالا سەگۈنچەكتە توغرىسىغا ئولتۇرۇپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ ئۇزد-
تىپ ئېگىزرەك كۆتۈرىدۇ، بېشىنى سەل كەينىگە قاتايتىدۇ، ئىككى قولىدا سەگۈنچەكنىڭ
ئىككى تەرىپىدىكى ئارغامچىنى مەھكەم تۇتۇپ ئۇچۇشنى كۈتۈپ تۇرىدۇ. «تەۋرەتكۈ-
چى» ئارغامچىدىن ياكى «ئۇچقۇچى» بالىنىڭ دۈمبىسىدىن بوش ـ بوش ئىتتىرىدۇ. بۇ
جەرياندا ئويۇنغا تەۋە قوشاقلار ئېيتىلىپ، ئۇچۇش ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. قوشاق



«تەۋرەتكۈچى» ۋە ئويۇن كۆرگۈچىلەر تەرىپىدىن تۆۋەنرەك ئاۋازدا ئوقۇلىدۇ.

سەگۈنچەككە چىققان بالا پۇت ـ قول ۋە بەدىنىنى قائىدە بويىچە ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇشى، «تەۋرەتكۈچى»گە قەستەن ئېغىرنى سالماسلىقى، ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالماسلىقى، قوشاققا ئارىلىشىۋالماسلىقى، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئىچىدە ئويۇن كۆرسىتىشى، چۇقان كۆتۈرمەسلىكى، «تەۋرەتكۈچى»گە ئورۇنسىز تەلەپ قويماسلىقى كېرەك. «تەۋرەتكۈچى»مۇ قائىدىگە ئەمەل قىلىپ، ئويۇننىڭ كۆڭۈللۈك، نەتىجىلىك خۇلاسىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى، سەگۈنچەكنى قاتتىق تەۋرەتمەسلىكى، ئويۇن كۆرگۈچىلەرنى قەستلىمەسلىكى، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىقى، ئويۇننىڭ مەزمۇن دائىرىسىدىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، قوشاق بىلەن تەۋرىتىشنى ماسلاشتۇرۇپ، كۆرگۈچىلەرنى رازى قىلىشى لازىم. ئويۇن يۇقىرىقى تەرتىپلەر بويىچە داۋاملىشىدۇ. شۇ كۈنلۈك ئويۇنغا قاتناشقان ھەربىر قىزغا بىر قېتىمدىن ئۇچۇش نۆۋىتى كېلىدۇ. تەۋرىتىش بىرنەچچە قىز تەرىپىدىن ئورۇنلانسىمۇ بولىدۇ.

بۇ ئويۇن ئالدى بىلەن قىزلارغا كۆكتە ئۇچقاندەك تۇيغۇ بېرىپ، قىزلارنىڭ كۆڭلىنى شادلاندۇرىدۇ، قىزلارنى قورقماس روھقا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.





## «تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى



بۇ ئويۇننىڭ «قوچقار سوقۇشتۇرۇش»، «تاش سوقۇشتۇرۇش»، «سوقا تاش» ئويۇنى دېگەن ناملىرىمۇ بار. «تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنىنىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۇرلىرى ئارىسىدا شەكىللىنىپ ۋە تارقىلىپ داۋاملىشىش تارىخى خېلىلا ئۇزاق. چۈنكى، قوي بېقىشنىڭ ئۇيغۇرلار ھاياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقىنىغا ناھايىتى ئۇزاق زامانلار بولدى. ئۇيغۇرلار ئەنئەنىۋى مىللىي بايرام «نورۇز» يېتىپ كەلگەندە، خوراز سوقۇشتۇرۇش، ئىت تالاشتۇرۇش، ئات چاپتۇرۇش، چېلىشىش، قوچقار سوقۇشتۇرۇشتەك پائالىيەتلەرنى ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلەنگەن. بۇنداق تارىخي ۋە رېئال شارائىتلار ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ «تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ ئويۇن قىش پەسلىنىڭ ئارىسالدى چاغلىرىدا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار يۇرت ئەتراپىدىكى ساي ياكى تاغ ـ دەريالارغا بېرىپ «قوچقار»غا ئوخشاپراق كېتىدىغان تاشلاردىن بىرنەچچىنى تېپىپ كېلىدۇ، ئاندىن مۇۋاپىق ئورۇن ۋە ۋاقىت تاللاپ «تاش قوچقار»لارنى سوقۇشتۇرىدۇ. بۇ ئويۇننى باللار گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئوينىسىمۇ، ئىككىدىن بالا ئۆزئارا مۇسابىقىلەشسىمۇ بولىدۇ.



«تاش قوچقار سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى رەسمىي باشلىنىش ئالدىدا باللار ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق ئاۋۋال «ئۇرۇچى» بولۇش نۆۋىتىنى تالىشىدۇ، ئاندىن بىر تەرەپ «قوچقار»ىنى تۈز يەرگە توختىتىدۇ. يەنە بىر تەرەپ ئۆز «قوچقار»ىنى ئىككى قوللاپ تۇتۇپ ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۈستىگە







تاشلايدۇ، تەلەپ شۇكى، ھەر ئىككى بالا نۆۋەت ئاتلىماسلىقى، ئۆرە تۇرۇپ «قوچقار»نى مۇۋاپىق ئېگىزلىكتىن يەردە ياتقان «قوچقار» ئۈستىگىلا تاشلىشى، «قوچقار»نى ئەتراپتا ئويۇن كۆرۈۋاتقان بالىلارغا تەگكۈزۈۋەتمەسلىكى، مۇداپىئەدە تۇرىدىغان «قوچقار»نى ئۆز جايىغا ئورۇنلاشتۇرۇشى كېرەك.

گۇرۇپپىلار ئارا ئۇتۇپ چىققان «تاش قوچقار»لار ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇلۇپ، ئويۇن ئاخىرىدا بىرىدىن ئۈچكىچە «نوچى قوچقار»نىڭ ئىگىلىرى ھەر خىل ماددىي نەرسىلەر بىلەن تارتۇقلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى «نورۇز»غا ئوخشاش مىللىي بايراملار بىلەن تونۇشۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۈرىدۇ، ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرلىرىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشىنىشكە يېتەكلەيدۇ.

## «تاماق ئېتىش» ئويۇنى

«تاماق ئېتىش» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز ئۆسمۈرلىرى ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، ئومۇمەن ئەتىياز، ياز، كۈز كۈنلىرى ئازادە مەيدان ياكى ھويلىلاردا ئوينىلىدۇ.

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار ئالدى بىلەن سېغىز لايدىن «قازان»، «ئوچاق»، «تاۋاق»، «قوشۇق»، «چۆمۈچ»، «پىچاق»، «ئاشتاختا ـ نوغۇچ» قاتارلىق سايمانلارنى تەييارلىۋالىدۇ؛ ئىمكانىيەتكە قاراپ ھەر خىل «كۆكتات»لاردىنمۇ ئاز ـ تولا تەخلەيدۇ، ئاندىن ئىختىيارىي گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ نۆۋەت بىلەن «تاماق ئېتىش»كە كىرىشىدۇ. بىر ـ ئىككى بالا ئويۇن كۆرسەتسە، قالغان بالىلار پۈتۈن دىققىتى بىلەن «تاماق ئەتكۈچى»نىڭ ھەرىكەتلىرىنى كۆزىتىپ، كۆڭۈللىرىدە باھالايدۇ. ئويۇن كۆرسەتكۈچى «قازان ـ قومۇچ»، «سۇپرا ـ ئاشتاختا» ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر ھازىرلانغان جايدا ئەپچىللىك بىلەن ئولتۇرۇپ شۇ نۆۋەت ئەتمەكچى بولغان «تاماق»نىڭ پۈتكۈل باسقۇچلىرىنى بىر ـ بىرلەپ ئورۇنلايدۇ. مەسىلەن: پولۇ ئەتمەكچى بولسا سەۋزە قەلەملىگەن، گۈرۈچ يۇغان، گۆش پارچىلىغان، ياغ چۈچۈتكەن، پىياز ۋە سەۋزە سالغان، سۇ قۇيغان، گۈرۈچ سالغان، دۈملىگەن، لېگەن تەييارلىغان، پولۇنى ئۇسۇپ داستىخانغا ئېلىپ كەلگەنگە ئوخشاش ھەرىكەتلەرنى دورايدۇ. ئەتراپتا قاراپ تۇرغان بالىلار چازا قۇرۇپ رەتلىك ئولتۇرۇپ، قولى بىلەن پولۇ يېگەن شەكىلنى كۆرسىتىدۇ.

«تاماق ئېتىش» ئويۇنىنىڭ قومۇل قاتارلىق جايلاردا «ئېشىڭ نېمە تېتىيدۇ؟» دېگەن نامىمۇ بار. ئويۇندا قىزلار بىر قىزنى ئاش ئېتىشكە بۇيرۇيدۇ، ئۇ قىز ئوتتۇرىغا چۈشۈپ ئاشقا تەييارلىق قىلىدۇ ۋە كۆپچىلىكنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلاشقا كىرىشىدۇ. ئەتراپتىكىلەر ئۇنى چۆرىدەپ بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشۇپ چۆرگىلىگەچ سورايدۇ:



— نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— خېمىر يۇغۇرۇۋاتىمەن.
كۆپچىلىك:
— چىلىق - چىلىق - چىلىق.
كۆپچىلىك:
— ئەمدى نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— خېمىر يېيىۋاتىمەن.
كۆپچىلىك:
— تاقاراق - تاقاراق - تاقاراق.

كۆپچىلىك:
— ئەمدى نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— ئاش كېسىۋاتىمەن.
كۆپچىلىك:
— كىرت - كىرت - كىرت.
كۆپچىلىك:
— ئەمدى نېمە قىلىۋاتىسەن؟
— ئاشنى قازانغا سېلىۋاتىمەن.
كۆپچىلىك:





پولۇك - پولۇك - پولۇك.

كۆپچىلىك:

— ئەمدىچۇ؟

— ئوت قالاۋاتىمەن.

كۆپچىلىك:

گوپ - گوپ - گوپ.

كۆپچىلىك:

— ئەمدىچۇ؟

— قازان قايناۋاتىدۇ.

كۆپچىلىك:

— پاراق - پۇرۇق، پاراق - پۇرۇق.

كۆپچىلىك:

— ئېشىڭ پىشتىمۇ؟

— ئېشىم پىشتى، سىلەرمۇ ئىچىپ بېقىڭلار.

كۆپچىلىك:

— شۇرت - شۇرت.

— ئېشىم ئوخشاپتىمۇ؟

كۆپچىلىك:

— ئېشىڭ پو تېتىيدۇ،

— دەپ يۈگۈرگەن پېتى تارقىلىپ قاچىدۇ. ئاش ئەتكەن قىز ئۇلارنى قوغلايدۇ، تۇتۇلۇپ قالغان قىز تاماق ئېتىشكە بۇيرۇلىدۇ.

ئويۇن شۇ كۈنى ئويۇنغا قاتناشقان قىزلار بىر - بىرلەپ ئويۇن كۆرسىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاخىرلىشىدۇ. كىم قايسى خىل «تاماق»نى ئېتىپ ئويۇن كۆرسەتسۇن، «تاماق»نىڭ ئېتىلىش قائىدىسى ۋە تەرتىپىگە بىردەك ئەمەل قىلىشى شەرت. بۇ ئويۇن ئاساسەن ئۆزئارا ماھارەت كۆرسىتىش مەقسىتىدە ئوينىلىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ھەرخىل تائاملارنى تەييارلاش ماھارىتى ۋە مىللىي تائام تۈرلىرى بىلەن ئۇچراشتۇرىدۇ؛ ئائىلە تۇرمۇشى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپ، ئاتا - ئانىسىغا يار - يۆلەك بولۇش روھىدا تەربىيەلەيدۇ.

## «تاپان قويۇش» ئويۇنى

«تاپان قويۇش» ئويۇنى «چانا تېيىلىش» ئويۇنىنىڭ ئۇندۇرمىسى سۈپىتىدە ئۇيغۇر ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا خېلى ئومۇملاشقان. بالىلار 6 - 7 ياشقا قەدەم قويغاندىن باشلاپلا بۇ ئويۇنغا ھەۋەس قىلىدۇ، قىش كۈنلىرى ناللىق ئۆتۈك ياكى قونچلۇق بەتىنكىلەرنى كىيىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بالىلار ئۆيلىرى ئەتراپىدىكى ئېرىق - ئۆستەڭ ۋە كۆللەردە تاپان ئارقىلىق مۇز تېيىلىپ بىر - بىرى بىلەن مۇسابىقىلىشىدۇ.

بۇ ئويۇن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تېيىلىش، تەكشىلىكتە ئولتۇرۇپ ۋە قوپۇپ تېيىلىش
دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ، كۆپ ھاللاردا ئىككىنچى خىل ئۇسۇلدا ماھارەت كۆرسـ
ـتىش تەلەپ قىلىنىدۇ. چۈنكى، بىرىنچى خىل تېيىلىش ئويۇنغا يېڭىدىن كىرىشكەنلەرگە
ماس كېلىدۇ، كېيىنكىسىنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىش خېلى ماھارەت تەلەپ قىلىدۇ. ئويۇننى
ھەركىم ئۆز ماھارىتىگە قاراپ بىرگە بىر بولۇپ ئوينىسىمۇ، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ
ئوينىسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. تەلەپ شۇكى، تاپان قويۇشنى باش پەللىدىن باشلاش، ئاخىرقى
نىشانغا تولۇق يېتىش، بەلگىلەنگەن لىنىيەنى بويلاپ مېڭىش، بىر ـ بىرىنى پۇتلىۋەتـ
ـمەسلىك، تاپاننىلا مۇزغا تەگكۈزۈش، يىقىلىپ ياكى پۇتنىڭ ئۇچى مۇزغا تېگىپ كەتسە،
شۇ قېتىملىق نۆۋىتىنى «كۆيدى» دەپ قاراپ، تېيىلىشتىن دەرھال توختاش، كىيىملىرىـ
ـنى ئاسراش، ۋاقتىدا جىددىي قاراش، تاپان قويۇش يولىدا باشقىلارغا ئېسىلىۋالماسلىق،
دەل ـ دەرەخلەرگە تايىنىۋالماسلىق، ئويۇننىڭ كۆركەم، تېز سۈرئەتتە ئوينىلىشى ئۈـ
ـچۈن قائىدىلەرگە تولۇق ئەمەل قىلىش لازىم. ئويۇن يۇقىرىقى تەرتىپ بويىچە داۋاملىـ
ـشىپ بەلگىلەنگەن ۋاقىت توشقاندا ئاخىرلىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى سوغۇقتا چېنىقتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ، پائالىيەتچى قىلىپ
تەربىيەلەيدۇ، ھەرقانداق ئىشتا ۋىجدانلىق بولۇشقا ئۈندەيدۇ، راستچىللىققا يېتەكلەيـ
ـدۇ، تەڭتۇشلار ئارا ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەشتىكى تۈرتكىلىك كۈچ
ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرىدۇ.







## «لىڭگىرتاقتاق» ئويۇنى



«لىڭگىرتاقتاق» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا ئەزەلدىنلا بار بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا «لوگىرتاقتاق — بىر خىل بالىلار ئويۇنىنىڭ نامى» دەپ ئېلىنغان (3- توم، 517 - بەت).

بۇ ئويۇن ئادەتتە قىش پەسلىدىن باشقا پەسىللەردە قىز - ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. بالىلار ئۆز ھويلىلىرىدا، مەھەللە - كويلاردا، ئازادە، پاكىز سورۇنلاردا توپ - توپ بولۇشۇپ ئىككى بالا بىر - بىرىگە قارشى گۇرۇپپا بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئېقىمى ئېگىزلىكتە كېلىدىغان كۆتەك، ئورۇندۇق، تاش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر ئۈستىگە توغرىسىغا مىندۈرۈلگەن ئۇزۇنلۇقى 4 ~ 5 مېتىرلىق شال ياكى لىم ياغاچلارنىڭ ئىككى ئۇچىدا ئولتۇرۇپ، ئۆزى ئولتۇرغان تەرەپنى تۆۋەنگە باسىدۇ. ئىككى بالىنىڭ قايسىسى كۈچتۈڭگۈر، ئېغىر بولسا، ئۆزى ئولتۇرغان تەرەپنى يەرگە تىرەپ قارشى تەرەپنى بوشلۇقتا توختىتىۋالىدۇ. بۇ ۋاقىتتا قارشى تەرەپتىن يەڭگىل كېلىپ ياغاچ ئۈستىدە كۆتۈرۈلۈپ قالغان بالا:

لىڭگىر ـ لىڭگىرتاقتاق،
ھەجەرخان چاپاق.
ھەجەرخاننىڭ بىر قىزى بار،
يۈزلىرى قاسماق.

لىڭگىر ـ لىڭگىرتاق،
ئىككىمىز ئىناق.
دائىم رەتلىك ئوينايمىز،
يۈزىمىز ئاپپاق.

دەپ قوشاق ئېيتىدۇ. بۇ ھالەت قوشاق ئېيتقۇچىنىڭ بىر قېتىم يېڭىلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ، دوستلۇق ئاساسىدا قايتا داۋاملاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىلغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بۇنىڭ بىلەن يەڭگۈچى يېڭىلگۈچىگە ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن ئورنىدىن مەدىرلاپ، ئۆزىنى يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، ئويۇن يەنە يېڭى مەزمۇنغا كىرىدۇ. يەڭگۈچى بىلەن يېڭىلگۈچى ئوتتۇرىسىدىكى ھەرىكەت يۇقىرىقىدەك داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ بەدەن چېنىقتۇرۇشىغا پايدىلىق. بالىلار بۇ ئويۇننى قانچىكى كۆپ ئويناپ يۇقىرى ـ تۆۋەن ھەرىكەتلەنسە، شۇنچە يۈرەكلىك، جۈرئەتلىك بولىدۇ.

## «شىلدىر كوپ» ئويۇنى



«شىلدىر كوپ» ئويۇنى يەرلىك، مىللىي ئالاھىدىلىككە كۈچلۈك ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، ئويۇندا تۇماق، دوپپا ياكى باش ياغلىقىنىڭ ئىشلىتىلىشى بۇ ئويۇننىڭ ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىگە خاس، ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. چۈنكى، ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىنىش ئادىتىدە باش كىيىمنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. ئۇيغۇر ئەرلىرى تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە ھەر خىل باش كىيىملەرنى كىيىشكە، ئۇيغۇر ئاياللىرى بېشىغا ياغلىق ئارتىشقا ياكى دوپپا كىيىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا ئومۇمەن ئاممىۋى مۇراسىملارغا، بولۇپمۇ توي ـ تۆكۈن، نەزىر ـ چىراغ سورۇنلىرىغا باش كىيىمسىز بېرىش ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك ھېسابلىنىدۇ.

تۇماق ئادەتتە ئۇيغۇرلارنىڭ قىشلىق باش كىيىمى بولۇپ، ئاساسەن تېرىدىن ئىشلىنىدۇ. نۇسخا جەھەتتىن ئاق تۇماق، سالۋا تۇماق، سوغا تۇماق، كۆلا تۇماق، يېڭىسار

تۇمقى، كېرىيە تۇمقى، ساغان تۇمقى، سۆسەر تۇماق، قاما تۇماق قاتارلىق خىللارغا
بۆلۈنىدۇ. تۇماقلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاشلانغان يۇمشاق تېرىدىن ئىشلىنىپ، گىرۋەكلىرد-
گە سۆپەتلىك كۆرپىدىن زىغزىق تۇتۇلىدۇ. بەزى تۇماقلارنىڭ ئۈستى قارا ياكى باشقا
رەڭلىك رەختلەر بىلەن تاشلانغان بولىدۇ.
دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىك قارىشىدا ئەكس ئەتكەن تەبىئەت گۈزەللىكىنىڭ
ئوبرازى سۈپىتىدە روشەن مىللىي تۈس ئالغان يازلىق باش كىيىم ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر
دوپپىلىرى نۇسخىسىنىڭ كۆپ خىللىقى، ھۈنەر ـ سەنئەت جەھەتتىكى نەپىسلىكى بىلەن
دۇنياغا مەشھۇر.
«شىلدىر كوپ» ئويۇنى ئەتىياز، ياز، كۈز كۈنلىرى تالا ـ تۈزدە، مەھەللىلەردە،
ئېرىق ـ ئۆستەڭ بويلىرىدا، قىش كۈنلىرى ئۆي ياكى ھويلىلاردا ئوغۇل ـ قىزلارنىڭ
ئارىلىشىپ ئوينىشىغا ماس كېلىدۇ. ئادەتتە ئويۇنغا قاتنىشىدىغان باللار سان چەكلىمـ-
سىگە ئۇچرىمايدۇ.



ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان باللار پەسلىگە ماس باش كىيىم-
لەرنى كىيىشىپ بىر يەرگە توپلىنىدۇ. ئارىدىن خالىغان
بىر بالا «تاپقۇچى» بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ، قالغان با-
للار رەتكە تىزىلىپ، قوللىرىنى كەينىگە تۇتۇپ، بىر ـ
بىرىدىن ئارىلىق قالدۇرماي زوڭ ئولتۇرىدۇ. «تاپقۇ-



چى» قاتارنىڭ ئالدىدا ئۆرە تۇرىدۇ. شۇ كۈنكى ئويۇن ئۈچۈن تاللانغان ئويۇنچۇق — تۇماق، دوپپا ياكى باش ياغلىق زوڭ ئولتۇرغان بالىلارنىڭ بىرىدە بولىدۇ.

ئويۇن قاتارنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپىدىن باشلىنىدۇ، ئويۇن باشقۇرىدىغان بالا: «باشلانسۇن!» دېگەن ھامان، قاتار ئولتۇرغان بالىلار «شىلدىركوپپاڭ - شىلدىركوپ، شىلدىر كوپپاڭ - شىلدىر كوپ» دېيىشكىنىچە كەينىگە تۇتۇۋالغان قوللىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، «تاپقۇچى»نىڭ كۆزىنى غەلەت قىلىپ، ئويۇنچۇقنى بىر - بىرىگە سۇنۇپ بېرىدۇ. ئويۇنچۇق قاتارنىڭ بۇ بېشىدىن ئۇ بېشىغا بىر - بىرلەپ ماڭدۇرۇلسىمۇ، ئاتلىتىپ سۇنۇلسىمۇ، قاتارنىڭ خالىغان يېرىدىن ياندۇرۇلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ. ئەمما، بىر بالىنىڭ قولىدا توختاپ قالماسلىقى كېرەك. قاتار ئالدىدا تۇرغان «تاپقۇچى» بالا زېھنىنى يىغىپ، زوڭ ئولتۇرغانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزىتىشى، پەرىزىگە تايىنىپ ئويۇنچۇقنى تېپىشى، ئورۇنسىز گۇمان قىلىپ ۋاقىتنى ئىسراپ قىلماسلىقى شەرت. «تاپقۇچى» بالا قاچانكى ئويۇنچۇقنى تاپالىسا، قاتارغا كىرىپ ئولتۇرىدۇ، ئۆزىدە ئويۇنچۇق بارلىقىنى چاندۇرۇپ قويغان بالا «تاپقۇچى» بولىدۇ. ناۋادا «تاپقۇچى» بالا ئويۇنچۇقنى تاپالمىسا، داۋاملىق «تاپقۇچى» بولۇۋېرىدۇ. ئويۇن مۇشۇ يوسۇندا تەكرارلىنىۋېرىدۇ. بۇ ئويۇن كەچتە ئوينالغاندا، ئويۇنچۇقنى تېپىش تەسكە توختايدۇ. شۇڭا، بالىلار ئويۇنچۇقنى بىر - بىرىگە سۇنۇپ بېرىش جەريانىدا چىققان «شىلدىر - شىلدىر» ئاۋازغا ياكى پەرەزگە تايىنىپ تاپىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ پەرەز قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرىدۇ، كۆرۈش، ئاڭلاش سەزگۈلىرىنى ئاشۇرىدۇ، كۆز، قۇلاق قاتارلىق ئەزالىرىنى ساغلاملاشتۇرىدۇ، بالىلارنى تەرتىپلىك، ئىنتىزامچان بولۇشقا يېتەكلەيدۇ.

## «چىم - چىم» ئويۇنى

«چىم - چىم» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز - ئوغۇل ئۆسمۈرلىرىگە بالىلىق دەۋرىدىن ياشلىق مەزگىلىگە قەدەم قويغۇچە ئىزچىل ھەمراھ بولۇپ كەلگەن، بالىلار ئالاھىدە قىزىقىپ ئوينايدىغان ئۆزگىچە شەكىل ۋە مەزمۇنغا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇن. بالىلار ئويۇن جەريانىدا ياسايدىغان ساپال قاچا، ئۆرىق، چىلاپچا قاتارلىق تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ نۇسخىسى ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر كۇلالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتىنىڭ بالىلارچە ئىپادىلىنىشىدۇر.

«چىم - چىم» ئويۇنىنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىنى ئۇيغۇرلارنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر -










سەنئەتنىڭ تەرەققىياتى بىلەن باغلاش ئەقىلگە ئەڭ مۇۋاپىق. چۈنكى، چوڭلارنىڭ لايدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل بۇيۇملارنى ياساپ، پىشۇرۇپ ۋە زىننەتلەپ كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىشلىتىشى باللاردا قىزىقىش قوزغاپ، بۇ ئەھمىيەتلىك ئويۇننى بارلىققا كەلتۈرۈشكە سەۋەب بولغان. نەتىجىدە، بۇ ئويۇن باللارنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ، يېتىلىۋاتقان زېھنىنى ئۇرغۇتقان. ئۇزاق تارىخقا ئىگە بۇ ئەنئەنىۋى ئويۇن ئۆسمۈرلەرنىڭلا ئەمەس، بەلكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭمۇ ئوي-نىشىغا باب كېلىدۇ. دېمەك، گېزى كەلسە چوڭ ياشتىكىلەرمۇ بۇ ئويۇننى قىزىقىپ ئوينايدۇ. ئويۇن جەريانىدا ئوقۇلىدىغان تۆ-ۋەندىكى قوشاقلار بۇنىڭ دەلىلىدۇر:

چىم - چىم ئەتتىم چىم بىلەن،
كاۋاپ ئەتتىم زىخ بىلەن.
ئەس - يادىم سەن بىلەن،
سەن يۈرسەن كىم بىلەن؟
...



تەخسىدە كاۋاپ،
يېسىلە ساۋاب.
مەن ئۇكامنى باقىمەن،
قوينۇمغا سولاپ.

بىزنىڭ ئۆينىڭ ئارقىسى
بوستانلىق تېرەك.
چاتقۇېتىڭ شېخىنى،
قالاشقا كېرەك.
...



بۇ ئويۇن ئەتىياز، ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىق - ئۆستەڭلەرنىڭ ئىككى قاسنىقىدا بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، بىرەيلەننى رىياسەتچىلىككە سايلايدۇ.

شۇ كۈنلۈك ئويۇن رىياسەتچىسى ئويۇننىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاش بىلەن تەڭ، بالىلار ئىككى قولىنى سۇغا تىقىپ سىغىز لايىنى چاڭگاللاپ ئېلىپ، سىقىپ سۈيىنى ئېقىتىۋەتكەندىن كېيىن، «چىم - چىم» ئېتىش ئارقىلىق ھەر خىل بۇيۇملارنى ياسايدۇ. ياسالغان نەرسىلەر ھەركىمنىڭ ھۈنىرى ۋە تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا باغلىق بولىدۇ. ئويۇن ئاخىرىدا شۇ كۈنلۈك ئويۇنغا قاتناشقان بالىلار ياسىغان نەرسىلىرىنى ھەرقايسى جەھەتلەردىن ئۆزئارا باھالىشىدۇ. كىمنىڭ ياسىغىنى كۆپ ھەم چىرايلىق بولسا، شۇنداقلا ئەسلىي نۇسخىسىغا ئوخشىغان بولسا شۇ بالا «ئۇستام» سانىلىپ باشقىلارغا ھۈنەر ئۆگىتىدۇ. بالىلار ئۆزلىرى ياسىغان نەرسىلىرىنى ئاۋايلاپ ئۆيلىرىگە ئېلىپ كېتىپ، ساقلاش ئۈچۈن مۇۋاپىق يەرگە تىزىپ قويىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى ئەجدادلىرىنىڭ كۇلالچىلىق ھۈنەر - سەنئىتى بىلەن دەسلەپكى قەدەمدە ئۇچراشتۇرىدۇ، بالىلارغا ساپال بۇيۇملارنىڭ ياسىلىش جەريانى ۋە كېلىش مەنبەسىنى تونۇتىدۇ، ئۆزئارا ئۆگىنىش، كەشپىيات يارىتىش ئىمكانىيىتى يارىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق كوللېكتىپ ھەرىكەت بالىلارنى بىر - بىرىنى چۈشىنىش، ئۆزئارا ئىشىنىش ئاساسىدا ئورتاق ئىلگىرىلەش پۇرسىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

## «تېپىشماق ئېيتىشىش» ئويۇنى

«تېپىشماق ئېيتىشىش» ئويۇنى قىش كۈنلىرى كۈندۈز ياكى ئاخشىمى مەھەللىلەردە، ئېرىق بويلىرىدا، هويلا - مەيدانلاردا قىز - ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان، مەزمۇن دائىرىسى كەڭ ھەم چوڭقۇر، ھازىرجاۋابلىقنى تەلەپ قىلىدىغان، تەرتىپ - ئىنتىزامى كۈچلۈك ئويۇن. ئويۇنغا ئىشتىياق باغلىغان بالىلار بىر - بىرىنى چاقىرىشىپ مۇۋاپىق ئورۇنغا يىغىلىشقاندىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئويۇن باشلاش نۆۋىتىنى تالىشىپ بېكىتىپ، ئۆز ئەزالىرىغا شۇ قېتىملىق ئويۇننىڭ تەرتىپ - قائىدىلىرىنى ئۇقتۇرىدۇ. ئىككى گۇرۇپپىدىكى بالىلار 2 - 3 مېتىر ئارىلىق تاشلاپ ئۆزئارا قارىشىپ ئۆرە تۇرىدۇ. ئويۇن كوللېكتىپ سوراش، كوللېكتىپ جاۋاب

بىرىش ياكى يەككە سوراش، يەككە جاۋاب بىرىش شەكلدە ئوينلىدۇ. قايسى شەكلدە ئويناشنى گۇرۇپپا باشلىقلىرى ئويۇننىڭ تەييارلىق باسقۇچىدا بىكىتىدۇ.

«ئا»: قارىكام ئاتتىن چۈشتى، باللىرى چۆرىسىگە ئولاشتى، ئۇ نىمە؟

«ب»: قازان، چىنە ـ تاۋاق.

«ئا»: ئەتىگەندە تۆت پۇتلۇق، چۈشتە ئىككى پۇتلۇق، كەچتە ئۈچ پۇتلۇق، ئۇ نىمە؟

«ب»: ئادەم (تۇغۇلۇپ بىر مەزگىل ئۆمىلەيدۇ، كىيىن ئىككى پۇتىغا تايىنىپ ئۆرە ماڭىدۇ، قىرىغاندا هاسىغا تايىنىپ مىڭىپ ئۈچ «پۇتلۇق» بولىدۇ).

«ئا»: قوش ئىرىقتىن سۇ كەلسە، بەش دىهقان يۇگۈرۈپ كەلدى، ئۇ نىمە؟

«ب»: بۇرۇن، بەش بارماق.



«ئا»: ماڭىدۇ ـ ماڭىدۇ قىرىدىن ئاشالمايدۇ، ئۇ نېمە؟

«ب»: بوسۇغا.

ئويۇن مۇشۇ يەددىدە داۋاملىشىپ يېرىملاشقاندا، سوئال سورىغۇچى بىلەن جاۋاب بەرگۈچى ئالمىشىدۇ.

«ب»: ئاش، ئاشنىڭ ئىچىدە تاش، تاشنىڭ ئىچىدە يەنە ئاش، ئۇ نېمە؟

«ئا»: ئۆرۈك.

«ب»: ئانىسى ئۇسسۇلغا چۈشسە، بالىلىرى چاۋاك چالىدۇ، ئۇ نېمە؟

«ئا»: دەرەخ، يوپۇرماق.

«ب»: بېلى باغلاقلىق، تۈلكە تۇماقلىق، ئۇ نېمە؟

«ئا»: سۈپۈرگە.

«ب»: ......؟

«ئا»: ......؟

ئويۇن سوئال ـ جاۋاب شەكلىدە داۋاملىشىپ، بالىلار زېرىككۈچە ياكى ھارغۇچە ئوينىلىدۇ. بۇ ئويۇننىڭ ئۆزگىچىلىكى شۇكى، ئويۇن جەريانىدا مەنىسى ئېنىقسىز، ئەرزىمەس، بالىلارغا يامان تەسىر بېرىدىغان تېپىشماقلارنى ئېيتىشقا چەكلىنىدۇ. بۇنىڭغا يول قويغۇچىلار شۇ نۆۋەتلىك ئويۇنغا قاتنىشالمايلا قالماي، بەلكى تەڭتۇشلىرىنىڭ تەنقىدىگە ئۇچرايدۇ. بۇ خىل سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بالىلار دوستلىرىدىن ئەپۇ سوراپ، ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، كېيىنكى قېتىمدىن باشلاپ سەپكە قايتىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن سوئال سورىغۇچىلار ئويۇن داۋامىدا كاللىسىنى ھەم تېز، ھەم ئەتراپلىق ئىشقا سېلىپ، تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسان ھاياتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلىدىغان تېپىشماقلارنىڭ ئاددىي ـ مۇرەككەپلىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئۈزۈلدۈرمەي ئېيتىشى، جاۋاب قايتۇرغۇچىلارمۇ دەل، ئەينەن، تېز جاۋاب بېرىشى شەرت. جاۋاب قايتۇرغۇچىلار تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى تاپالماي قالغاندا يېڭىلگەن ھېسابلىنىپ، يەڭگۈچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇنلىغاندىن كېيىن، سوئال سورىغۇچىلار بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ ـ دە، ئويۇن يېڭىباشتىن باشلىنىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ ئويلاش، سۆزلەش، ئىشلەش ئىقتىدارىنى تەڭ يېتىلدۈرۈشكە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ؛ بالىلارنى قائىدە ـ يوسۇنلۇق، ئەدەپلىك، ھازىر جاۋاب، رىقابەت ئېڭىغا ئىگە قىلىپ تەربىيەلەيدۇ؛ بالىلارغا تەبىئەت، جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ سىرلىرىنى چۈشىنىش ئۈچۈن بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئۆگىنىش لازىملىقىنى ھېس قىلدۇرىدۇ.



## «ئات توقۇش» ئويۇنى

ئەجدادلىرىمىز ياراتقان «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ۋە ئاتنى مۇقەددەس بىلىش، ئات ھەققىدىكى قىزىقارلىق، تەسىرلىك ئەپسانە - رىۋايەت، چۆچەكلەر، ئاتنىڭ ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدىكى مۇھىم رولى قاتارلىقلار ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغاپ، «ئات توقۇش» ئويۇنىنى بارلىققا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولغان.

بۇ ئويۇن تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە پاكىز مەيدانلاردا 8 - 10 ياشتىن يۇقىرى ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان باللاردىن يەتتە - سەككىزى بىر يەرگە يىغىلىپ، تۈز سىزىق ياكى چەمبەر شەكلىدە زوڭ ئولتۇرىدۇ، ئاندىن ھەر خىل ئاھاڭ ۋە رىتىمدا تۆۋەندىكى قوشاقلارنى ئوقۇيدۇ:



دوقۇ - دوقۇيلى،
ئاتنى توقۇيلى.
نەگە بارايلى؟
تاغقا بارايلى.
تاغدا نېمە بار؟
تاغدا ئادىشىم.
ئادىشىڭ كىمدۇر؟
بۇۋى سارە.
بۇۋى سارە
ئاش ئېتىدۇ
ئون چارا،
ماڭا بېرىشى بىر قوشۇق،
ئۆزى ئىچىدۇ بەش چارا.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
ئالما كەپلەپ قويمىدىم،
چالما كەپلەپ قويمىدىم،
ئۈنى گوللاپ قويمىدىم.

بورغول - بورغۇل بىر باتۇر،
مەخمەل كۆرپىدە ياتۇر.
بورغۇلۇمغا تاغار ئارتسام
قارا پاتقاقتا ياتۇر.
«ھوش!» دېسەممۇ قوپمايدۇ،
«ھوچ!» دېسەممۇ قوپمايدۇ.
بىزنىڭ ھۇرۇن بورغۇل باي،
تاياقتىنمۇ قورقمايدۇ.
ئون بىر كالتەك ئۇرغاندا،
ئۆلۈپ قالسا قوپمايدۇ.

قاق - قاق، قاغىلار قاق،
ئالا قاغا نەگە بارىسەن؟
ئالا تاغقا.
ئالا تاغدا نېمە بار؟
ئۇششاق - ئۇششاق جىگدەم بار.
كىم بەردى؟
مومام بەردى.
ئوغلۇمغا بەردىم ئورغاقچە،
قىزىمغا بەردىم قىڭراقچە،
ئۆزۈمگە قالدى تىرناقچە.
ئوغلۇم يەپ ئۇۋغا چىقتى،
قىزىم يەپ قىرغا چىقتى.

...

ئويۇن يۇقىرىقى ئۈچ بۆلەك قوشاقنىڭ تەكرار ئوقۇلۇشى بىلەن داۋاملىشىدۇ. ئويۇن ئوينىغۇچىلار ئويۇننىڭ قائىدە - تۈزۈمگە رىئايە قىلىشى، قوشاقلارنى ئەسلىي ئاھاڭى بويىچە بىر خىل رىتىمدا يادقا ئوقۇشى، قوشاقلارنىڭ ئىلگىرى - كېيىنلىكىگە دىققەت قىلىشى، مەزمۇننى ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكى، ھەرىكەتنى قوشاق مەزمۇنىغا ماسلاشتۇرۇشى لازىم.

باللار بۇ ئويۇن ئارقىلىق ئەجدادلار ياراتقان «ئاتلىقلار مەدەنىيىتى» ۋە ئات مۇقەددەسلىكى بىلەن ئازدۇر - كۆپتۇر تونۇشۇپ چىقىدۇ؛ «ئەر قانىتى» سانالغان ئاتنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشتىكى رولىنى تونۇپ يېتىدۇ؛ ئويۇن قوشاقلىرىنى يادقا ئوقۇش ئارقىلىق خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشنىڭ دەسلەپكى قەدىمىنى باسىدۇ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرىدۇ.





# «قاچ ـ قاچ» ئويۇنى

«قاچ ـ قاچ» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئالاھىدە قىزىقىپ ئوينايدىغان، تارىخى ئۇزاق ئەنئەنىۋى ئويۇن بولۇپ، ئادەتتە «مالاي توپ» ئويۇنى، «سىپسىق توپ» ئويۇنى، «ھويلا توپ» ئويۇنى، «كويلا توپ» ئويۇنى دېگەندەك ناملاردا تارقالغان. «قاچ ـ قاچ» ئويۇنى ھوشيارلىق ـ چېۋەرلىك بىلەن يۈگۈرۈش ئاساس قىلىنغان مۇسابىقە شەكلىدە ئوينىلىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپنىڭ باشلامچىلىرى «ئاتامان» دېيىلىدۇ. ئويۇن مەيدانىنىڭ ئىككى بېشىغا بىردىن ئاي شەكىللىك «ھويلا» سىزىلىدۇ. مەيدانىنىڭ بۇ بېشىغا سىزىلغىنى «باش ھويلا»، ئۇ بېشىغا سىزىلغىنى «ئاياغ ھويلا» دېيىلىدۇ. ئويۇن باشلىنىشتىن بۇرۇن ئىككى ئاتامان «ھويلا»غا ئىگە بولۇش ھوقۇقىنى تالىشىپ، كالتەكنى سىقىملىشىدۇ. كالتەكنىڭ ئۇچى قايسى تەرەپ ئاتامانىنىڭ سىقىمىدا قالسا، شۇ تەرەپ «باش ھويلا» ئىچىدە توپ ئۇرغۇچىلارغا توپ تاشلاپ بېرىش، ئۇرۇلغان توپنى تېرىپ كېلىش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ ئويۇندا توپ مەيدان سىرتىغا چىقىپ كەتسە ياكى كالتەك توپقا تەگمەسلىك تۈپەيلى توپ قايتا ئۇرۇلسا، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى قارشى تەرەپكە ئۆتىدۇ. بۇنداق ئۇرۇلغان توپ «سىپسىق» توپ دېيىلگەچكە، ئويۇن «سىپسىق توپ» ئويۇنى دەپ ئاتالغان؛ «باش ھويلا» ئىچىدە تۇرۇپ توپ ئۇرغۇچىنىڭ توپنى ئۇرۇپ بولۇپلا «ئاياغ ھويلا»غا قېچىپ بېرىۋېلىپ، ئۆزىنىڭ بىر ئەزاسى توپنى ئۇرۇپ بولۇپ قاچقاندا ئۇنىڭ ئەسلى ئورنىغا قېچىپ كېلىدىغانلىقىغا قاراپ «قاچ ـ قاچ» ئويۇنى دەپ ئاتالغان.

ئويۇنغا قاتنىشىدىغان باللار ئاۋۋال «ئا»، «ب» ئىككى تەرەپكە ئايرىلىدۇ، ھەربىر تەرەپتىكى باللارنىڭ توققۇزدىن ئېشىپ كەتمەسلىكى شەرت قىلىنىدۇ. يۈگۈرۈشكە ئەپلىك بولسۇن ئۈچۈن، تۈزلەڭ يەر ياكى ئاختامىلىق مەيدان قىلىنىدۇ. ئويۇن مەيدانىنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى قاتناشقۇچىلار سانىغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ، ئادەتتە ئۇزۇنلۇقى 60 ـ 80 مېتىر، كەڭلىكى 40 ـ 60 مېتىر بولسا مۇۋاپىق.

ئويۇندا ئىشلىتىش ئۈچۈن بىر دانە بىجگەن توپ ۋە ئۇزۇنلۇقى 60 ـ 70 سانتىمېتىر، توملۇقى كەتمەن سېپىچىلىك، توپقا ئۇرۇلىدىغان تەرىپى ياپىلاق كەلگەن كالتەك تەييارلىنىدۇ. ناۋادا مەيدان كىچىك كېلىپ قالسا، توپنى قولدا ئۇرۇپ ئويناشقىمۇ بولىدۇ.

توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئەزالىرى «باش هويلا» ئەتراپىدا رەتلىك تىزىلىپ تۇرىدۇ.
قارشى تەرەپ ئەزالىرى ئۇرۇلغان توپنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئەپلىك جاي تاللاپ ئورۇن
ئىگىلەيدۇ. توپ ئۇرغۇچى تەرەپكە قارشى تەرەپنىڭ «ئاتامان»ى توپنى كالتەككە توغ-
رىلاپ تاشلاپ بېرىدۇ. ئادەتتىكى ئەزالارنىڭ بىر قېتىم، «ئاتامان»لارنىڭ ئىككى قېتىم
توپ ئۇرۇش هوقۇقى بولىدۇ. ئويۇن باشلىغان «ئا» تەرەپنىڭ بىر ئەزاسى توپنى ئۇ-
رۇپ بولۇپلا مەيداننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى «ئاياغ هويلا»غا كىرىۋالغۇچە «ب» تەرەپتىكى
بالا توپنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا، «ئا» تەرەپنىڭ باشقا ئەزالىرى
چەبدەسلىك بىلەن يۈگۈرۈپ بېرىپ «باش هويلا»غا كىرىۋېلىشى شەرت، ئەگەر كىرىپ
بولغۇچە ئارىلىقتا «ب» تەرەپ توپ بىلەن ئۇلارنىڭ بىرەر ئەزاسىنى ئۇرۇۋالسا، «ئا»
تەرەپ توپ ئۇرۇش هوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدۇ. توپ ئۇرۇش هوقۇقى بار تەرەپنىڭ
ئەزالىرىدىن بىرى توپ ئۇرغاندا كالتەك توپقا تەگمەي ياكى توپ يىراققا ماڭماي قېلىش
تۈپەيلى قاچالمىسا، «باش هويلا»غا كىرىپ تۇرۇپ، توپنى يەنە بىر بالا ئۇرغاندىن كې-
يىن شۇ بالا بىلەن بىللە قاچسىمۇ بولىدۇ؛ ئەمما، «ئاياغ هويلا»غا قېچىپ بېرىۋالغاندىن
كېيىن يەنە پۇرسەت كۈتۈپ، ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى باشقا بىر بالا توپ ئۇرغاندىلا «باش
هويلا»غا قايتا قېچىپ كېلىۋالسا «ئەسىر»لىكتىن قۇتۇلۇپ، توپ ئۇرۇش هوقۇقىغا قايتا
ئىگە بولىدۇ. توپ ئۇرغۇچى تەرەپ ئەزالىرى «باش هويلا» ئىچىدە تۇرۇپ توپنى خا-
لىغان ئارىلىققا ئۇرسا بولۇ-
ۋېرىدۇ، لېكىن ئارقا تەرەپ-
كە ئۇرسا ياكى مەيدان سى-
زىقىدىن چىقىرىۋەتسە «سې-
سىق توپ» ئۇرغان هېسابلى-
نىپ، توپ ئۇرۇش هوقۇقى
ئالمىشىدۇ. مۇسابىقە جەريا-
نىدا توپ ئۇرغۇچى تەرەپنىڭ
توپ ئۇرۇش نۆۋىتى تۈ-
گەپ، ھەممە ئەزاسى قاچال-
ماي قاملىپ قالسا، قارشى
تەرەپنىڭ ئىككى ئەزاسى
مەيدان ئىچىدە ئۆزئارا توپ
پاسلىشىپ، توپ ئۇرغۇچى
تەرەپنىڭ «ئاياغ هويلا»غا
قېچىپ بېرىۋېلىشىغا پۇرسەت





يارىتىپ بېرىدۇ. توپ ئۇرغۇچى تەرەپ بۇ پۇرسەتتىمۇ قېچىپ بېرىۋالالمىسا ياكى قېچىش جەريانىدا قارشى تەرەپ ئاتقان توپ بىلەن ئۇرۇۋېلىنسا، يېڭىلگەن بولۇپ، توپ ئۇرۇش ھوقۇقى ئالمىشىدۇ.

دېمەك، «قاچ ـ قاچ» ئويۇنى كەسكىن ئېلىشىش، دەۋرلىك ئالمىشىش ئىچىدە داۋاملىشىدۇ. بۇ ئويۇن بالىلاردىن ئادەتتىن تاشقىرى تېزلىك، چېۋەرلىك، قەيسەرلىك، ھوشيارلىق تەلەپ قىلىدۇ؛ بالىلارنى ئۆم ـ ئىناق ئۆتۈشكە دالالەت قىلىدۇ.





## «ئوغلاق ـ قوزا» ئويۇنى

«ئوغلاق ـ قوزا» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا «ئوغلاق» ئويۇنى، «ئوغلاق تارتىشىش» ئويۇنى دېگەندەك ناملار بىلەن ئۇزاق يىللاردىن بۇيان مەۋجۇت.

ئوغلاق تارتىشىش ئۇيغۇرلاردا نورۇز بايرىمى، توي ـ تۆكۈن ۋە ئالتۇن كۈزدىكى مول ھوسۇل تەنتەنىسى مۇناسىۋىتى بىلەن بۈگۈنگە قەدەر ئىزچىل داۋاملىشىپ كەلگەن. دېمەك، چوڭلارنىڭ بىر خىل قىزىقارلىق ۋە ئەھمىيەتلىك پائالىيەتلىرى كېيىنچە بالىلارنىڭ «ئوغلاق ـ قوزا» ئويۇنى ئۈچۈن ئۈندۈرمە بولۇپ بەرگەن. نەتىجىدە، بالىلار ئاتا ـ بوۋىلىرىنىڭ ھەر خىل ئويۇنلىرىغا زەن سېلىپ، ئويناش ماھارىتىنى ئىگىلەش بىلەن بىر چاغدا، ئوغلاق ـ قوزىلارنىڭ شەكلىنى ئوخشىتىپ ياساپ، «ئوغلاق ـ قوزا» ئويۇنىنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

بۇ ئويۇن ئومۇمەن يېزا ـ قىشلاقلاردا كۆپرەك ئوينىلىدۇ. بالىلار بۇ ئويۇننى ئەھۋالغا قاراپ يازدا سازلىقلاردا، ئېتىز ـ قىرلاردا؛ كۈز، ئەتىياز پەسىللىرىدە تاغ باغرى ۋە بىنەم يەرلەردە مال بېقىش جەريانىدا ئوينايدۇ.





بالىلار ئويۇننى باشلاشتىن ئاۋۋال پىچان، ئادراسمان ياكى باشقا ئوت - چۆپلەردىن «ئوغلاق - قوزا» ياسايدۇ، ئاندىن ئىككى «ئانا»نىڭ تاللىشى بىلەن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ ئوينايدۇ ياكى ئىككى بالا ئۆزئارا ئوينىسىمۇ بولىدۇ. ئويۇن داۋامىدا بالىلار «ئېشەك»، «ئات» لىرىغا مىنىشىپ، ئۆزلىرى ئالدىن تەييارلىغان «ئوغلاق»، «قوزا»لارنى تارتىشىپ مۇسابىقىلىشىدۇ. ئويۇننىڭ قەدەم - باسقۇچ، قائىدە - تۈزۈملىرى ۋە ئاخىرقى نەتىجىسى چوڭلارنىڭ «ئوغلاق تارتىشىش» ئويۇنى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ. ئويۇن جەريانىدا بالىلار:

دىكىر - دىكىر توشقان،
نەگە بارىسەن توشقان؟
دىكىر ئاكام قېشىغا.
دىكىر ئاكاڭ نېمە بەردى؟
ئۆچكە سېغىپ سۈت بەردى.
ئۆچكىسىنىڭ سۈتى يوق،



ئوغلىقنىڭ پۇتى يوق.

...

ئۆزى ئىچتى بىر قاچا،
ماڭا بەردى بىر قوشۇق.
بىر قوشۇققا تويمىدىم،
بىر قورساقلىق بولمىدىم.

...

يۈگۈرۈپ باردىم تۆشۈككە،
بېشىم تەگدى بۆشۈككە.

.....

دېگەن قوشاقلارنى ئوقۇپ، سۆز - ھەرىكىتىنى ماسلاشتۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى ئاتا - بوۋىسىنىڭ «ئوغلاق تارتىشىش» پائالىيىتى بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، بالىلارنى قول ھۈنەرۋەنچىلىكنى ئۆگىنىشكە ئۈندەيدۇ، بالىلاردا مۇسابىقىلىشىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرىدۇ.

## «مىدىر - سىدىر» ئويۇنى

«مىدىر - سىدىر» ئويۇنى «قىم - قىم» ئويۇنى دەپمۇ ئاتالغان بولۇپ، ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئوينىشىغا ماس كېلىدۇ. ئويۇن بەلگىلىك دەرىجىدە ئەقلىي قابىلىيەتنى سىناشنى مەركەز قىلغانلىقتىن، بالىلارنىڭ زېھنىي قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈشتە مۇئەييەن ئىجابىي تەسىرگە ئىگە.

بۇ ئويۇننى ئوينايدىغان بالىلارنىڭ سانى ئىككىدىن ئارتۇق بولسىلا كۇپايە. ناۋادا بۇ ئويۇنغا ئىككى ئۆسمۈر قاتناشتى دېسەك، «ئا» بالا ئويۇننى ئوينايدۇ، «ب» بالا ئويۇننىڭ ئوينىلىش جەريانىغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ. «ئا» بالا ئىككى بىگىز بارمىقىنىڭ ئۇچىنى بىر - بىرىگە تەگكۈزۈپ، مەيدىسى ئەتراپىدا رىتىملىق مىدىرلىتىشقا باشلايدۇ ۋە ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇپ:

مېنىڭ تۆگەم ئويناقلايدۋ،
سېنىڭ تۆگەڭ چىچاڭلايدۋ.
مېنىڭ قوزام مەرىمەيدۋ،
سېنىڭ قوزاڭ سەمرىمەيدۋ.
مېنىڭ دادام كەل دېمەيدۋ،
توۋلاپ باقسام ھە دېمەيدۋ.

دەيدۋ.

بۇ ئويۇننىڭ زۆرۇر شەرتى شۇكى، شۇ نۆۋەت ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان بالىنىڭ ئىككى بېگىز بارمىقى توختاپ قالماسلىقى، قوشاقلار بارماق ھەرىكىتىگە ماسلاشتۇرۇلۇپ ئۆز تەرتىپى بويىچە تەكرار ئوقۇلۇشى لازىم. ناۋادا ئويۇن جەريانىدا بارماق توختاپ قالسا ياكى قوشاق تەرتىپى بۇزۇلسا، بارماق ھەرىكىتىگە ماس كەلمەي قالسا، «ئا» بالا يېڭىلگەن بولىدۇ-دە، «جازا»غا تارتىلغاندىن كېيىن، ئويۇن كۆرسىتىش نۆۋىتى «ب» بالىغا كېلىدۇ. ئويۇن مۇشۇ شەكىلدە داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى سۆز بىلەن ھەرىكەتنى ماسلاشتۇرالايدىغان، چەبدەس، سۆزمەن قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.





## «نان يېقىش» ئويۇنى

نان يېقىپ ئويناش بۇغداي ـ قوناقنى ئاساسلىق يېمەكلىك قىلىپ، نان يېقىپ يې-
يىشكە ئادەتلەنگەن ئۇيغۇرلاردا قىز ئۆسمۈرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى، ئۆزگىچە ئويۇنلىرىنىڭ
بىرىدۇر. بۇ ئويۇن قۇياشنىڭ ئىللىق نۇرى ئۆز هارارىتىنى كەڭ زېمىنغا سېخىيلىق بى-
لەن هەدىيە قىلىدىغان ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە ئوينىلىدۇ.

قىزلار ئېرىق ـ ئۆستەڭلەردىكى لايىنى پاكىز سۈپۈرۈلگەن يەردە چەيلەپ، ئۆز-
لەشكەن خېمىر هالىتىگە كەلتۈرگەندىن كېيىن، «خېمىر»نى كۈن نۇرى ئوبدان چۈشىدى-
غان تام تۈۋى ياكى كىشىلەر ئاز ئۆتىدىغان يول ياقىسىغا ئېلىپ بارىدۇ، ئاندىن «نان»
يېقىشقا ئىشلىتىلىدىغان «تۈز»، «قۇۋغۇن»، «تۈكچە»، «گەزنە» قاتارلىق لازىمەتلىك-
لەرنى تەخلىۋالىدۇ. ئەگەر قوناق ئۇنىدىن «نان»— «زاغرا» يېقىشقا توغرا كەلسە،
ئۇششاق چاۋارنى تېرىپ
«تونۇر» بېشىغا تەييارلايدۇ.
چۈنكى، «زاغرا» يېرىم شار
شەكلىدە توم بولغاچقا، چاۋار
سانجىپ قويۇلمىسا سويۇلۇپ
چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن.



قىز باللار «نان» يې-
قىشتا كەم بولسا بولمايدىغان
ماتېرىياللارنى تونۇر بېشىغا
جۇغلاپ بولۇپ، بىر ـ بىرد-
نى «نان» يېقىشقا ياردەملى-
شىشكە تەكلىپ قىلىدۇ هەمدە
ياقماقچى بولغان نانلىرىنىڭ
شەكلىنى هەركىم ئۆزىگە تو-
نۇشلۇق ياكى ئۆزى ياخشى
كۆرىدىغان شەكىللەر بويىچە
بىرلىككە كەلتۈرۈۋالىدۇ.

ئۇلاردىن «ئانا» ياكى «نان» يېقىش ماھىرى دەپ قارالغان بىر قىز مەخسۇس «نان»
ياقىدۇ. قالغانلىرى ئۇنىڭ قىزلىرى ياكى قولۇم - قوشنىلىرى ئورنىدا «نان» راسلاپ
بېرىدۇ، «نان» رەتلىك ھەم كۆركەم يېقىلىدۇ. «نان»لار كۆن نۇرىغا قاقلىنىپ، بىر-
ئازدىن كېيىن بىر - بىرلەپ «پىشىش»قا باشلايدۇ، «پىشقان»دا قومۇرۇلۇپ يەرگە يې-
يىلىدۇ، ئاندىن خونلاپ «ئۆي»گە توشۇلىدۇ ياكى قىزلارنىڭ «مېھماندارچىلىق» ئىشى-
غا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئويۇن شۇ قېتىم تەييارلانغان «خېمىر» تۈگىگۈچە داۋاملىشىدۇ.
بۇ ئويۇن قىزلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىنىڭ ئەلمى - تەلمىنى ئېلىپ ئاتا - ئانىسىغا يار-
دەمدە بولۇشى، ئۆزلىرى يەۋاتقان ناننى تەييارلاش مەشغۇلاتلىرىنى دەسلەپكى قەدەم-
دە تونۇپ يېتىشى، ئەجدادلىرىنىڭ ئىلغار ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى، ناننىڭ ئۇي-
غۇرلارنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئالاھىدە ئورۇن تۇتۇپ كېلىۋاتقانلىقىنى چۈشىنىۋېلىشى
ئۈچۈن پايدىلىق.

## «خوراز سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنى



روشەن پەسىل تۈسىنى ئالغان، ئەتى-
يازدا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدىغان بۇ
ئويۇندا ئىشلىتىلىدىغان ئويۇنچۇق چوكان-
تالدا ياسىلىدىغان بولغاچقا، بۇ ئويۇن
«چوقان - سېكىلەك» ئويۇنى دەپمۇ ئاتى-
لىدۇ.
باللار باھاردا تېنىگە سۇ يۈگۈرگەن
سېرىق سۆگەت چىۋىقىنى پۇتاپ ئېلىپ،
چىۋىقنىڭ تۈۋى تەرەپ قوۋزىقىنى ئازراق
سويۇپ غولىغا يۆگەيدۇ، ئاندىن قوۋزىقى
سويۇلغان تەرەپنى چىشلەپ تۇرۇپ قوۋ-
زاقنى ئۇچى تەرەپكە تۈرۈپ، خۇددى خو-
رازنىڭ جۇغدىسىغا ئوخشاش شەكىلگە
كەلتۈرىدۇ. «خوراز سوقۇشتۇرۇش» ئويۇ-
نىنى ئويناقچى بولغان ھەربىر بالا بۇ خىل





ئويۇنچۇقتىن بىرقانچىدىن تەييارلىۋالغاندىن كېيىن، ئىككى بالا بىر گۇرۇپپا بولۇپ پۆ-
پۈكلۈك چۆچەكنىڭ باش قىسمىنى نۆۋەت بىلەن بىر - بىرىگە ئۇرىدۇ.

كىمنىڭ قولىدىكى پۆپۈكلۈك چۆچەك — «خوراز»نىڭ بويىنى بۇرۇن ئۈزۈلسە، شۇ
بالا ئۇتتۇرغانلىق بەدىلىگە قولىدىكى زاپاس ساقلاۋاتقان ساق «خوراز»دىن بىرنى ئۇت-
قان بالىغا بېرىدۇ. قايسى تەرەپ تەييارلىغان «خوراز»لار بۇرۇن تۈگەپ قارشى تە-
رەپكە تەۋە بولۇپ كەتسە، ئويۇن توختايدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۇتتۇرغۇچى چوكانتالدىن ئۇ-
زۇن چاچ ياساپ بېشىغا ئېسىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئويۇندا يېڭىلىپ قالغانلىقىنى ياكى
ئاجىز كەلگەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ.

بۇ ئويۇن كۆپىنچە ئېرىق - ئۆستەڭ بويلىرىدا، يېتىلگەن سۆگەت شاخلىرى كې-
سىلگەن چاغلاردا ئوينىلىدۇ. بالىلار ئاتا - ئانىلىرى بادرا ئۈچۈن كەسكەن سۆگەت چى-
ۋىقلىرىدىن پايدىلىنىپ «خوراز سوقۇشتۇرۇش» ئويۇنىنى ئوينىشىدۇ.

بۇ ئويۇن ئوغۇل بالىلارنىڭ قەيسەرلىكىنى ئاشۇرىدۇ، بالىلارنى ئىسمى - جىسمىغا
لايىق يېتىشىپ چىقىشقا ئۈندەيدۇ.

## «جىلدىرماچ» ئويۇنى

جىلدىرماچ ئۇيغۇر ئوغۇل ئۆسمۈرلىرىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان ئەرمىكى بولۇپ، بىر يىلنىڭ ھەم-
مە پەسلىدە بىرقەدەر تەكشى يول، ئېتىز - ئېرىق قىرلىرى ۋە سايلىقلاردا ئوينىلىدۇ.

ئوغۇل بالىلار تومراق سىمدىن ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان جىلدىرماچلارنى تەخ-
لەپ بولغاندىن كېيىن، جىلدىرماچنى ھەيدەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئىتتەرگۈ ياساپ چىقىدۇ.
ئىتتەرگۈنىڭ توملۇقى ۋە ئۇزۇنلۇقى ھەربىر بالىنىڭ، بولۇپمۇ جىلدىرماچنىڭ چوڭ -
كىچىكلىكىگە قاراپ بەلگىلىنىدۇ.

بالىلار مەھەللىلەر بويىچە ياكى خالىغانچە گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىپ، ھەر خىل جىل-
دىرماچ ۋە ئىتتەرگۈلەرنى ئېلىپ كەڭ مەيدانلارغا جەم بولۇپ، «باشلامچى»نىڭ ئو-
رۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئۇزۇن - قىسقا ئارىلىقلارغا يۈگۈرۈشۈپ ئوينايدۇ؛ جىلدىر-
ماچلارنى چەبدەسلىك بىلەن ھەيدەش، بۇراش، چوڭ - كىچىكلىك قاتارلىق ئالاھىدى-
لىكلىرىگە قاراپ سەپكە تىزىلىپ، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ كارۋان تارتىپ يۈرگەن ئۇزۇن
سەپەرلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچىلارغا ئوخشىشىپ قالىدۇ. بالىلار بەلگىلەنگەن نىشانغا بې-
رىش جەريانىدا جىلدىرماچلارنى قائىدىلىك، تەرتىپلىك، تېز سۈرئەتتە ھەيدەش، بىر -





بىرىگە، باشقا نەرسىلەرگە سوقۇلۇپ كەتمەسلىك قاتارلىق «مۇسابىقە قائىدە»لىرىگە دىققەت قىلىدۇ.

بۇ ئويۇن ئوغۇللارنى غەيرەتلىك، جاسارەتلىك قىلىپ يېتىلدۈرىدۇ. ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە چېنىقتۇرىدۇ؛ يىراق - يېقىندىكى ئىشلارنى جىلدىرماچنىڭ ياردىمى بىلەن تېز بېجىرىپ كېلىش، يېزا باللىرىنىڭ قوي، كالا پادىلىرىنى جىلدىرماچنىڭ ياردىمى بىلەن توسۇش ھەمدە مەدەنىي تۇرمۇشنى كۆپ خىللاشتۇرۇش جەھەتلەردە مەلۇم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## «بوت-بوت» ئويۇنى


«بوت - بوت» — «پىپى» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى قەدىمدىن ئوينايدىغان يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە ئويۇنلارنىڭ بىرى. بۇ ئويۇن ئادەتتە ئېتىز - ئېرىقلارغا سۇ باشلىنىپ، زېمىن ئويغىنىۋاتقان باھار پەسلىدە ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ.

بالىلار ئاتا - ئانىلىرى قۇرۇلۇش ۋە باشقا ئېھتىياجلار ئۈچۈن كەسكەن سۆگەتنىڭ

سۇيى قاچمىغان چۆىقلىرىنى يەرگە بوش - بوش ئۇرۇپ ياكى قوۋزىقىنى قولى بىلەن ئاس- تا تولغاپ بىرئاز بوشىتىۋالغاندىن كېيىن، توم تەرىپىدىن ئىنچىكە تەرىپىگە سۇرۇپ نەيچە پېتىچە ياغاچ قىسمىدىن چىقىرىۋالىدۇ. باللار بۇ نەيچىنىڭ ئىنچىكە ئۇچىدىن بىر سانتىمېتىر قىسمىنىڭ قاتتىقراق قوۋزاق قەۋىتىنى تىغ ياكى چىش ئارقىلىق سويۇپ تاشلاپ، نەيچىنى ئاغزىغا سېلىپ پۈۋلەپ «بوت - بوت» ياكى «پىپ - پىپ» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىدۇ. شۇڭا، بۇ ئويۇن «بوت - بوت» ياكى «پىپى» ئويۇنى دەپ ئاتالغان.

باللار بۇ ئويۇنغا كېرەكلىك بوت - بوتنى ياسىغاندىن كېيىن، ئۆزئارا بەسلىشىپ هەر خىل مۇزىكا ئاهاڭلىرىغا چېلىپ ئوينىشىدۇ، هەتتا بوت - بوت چېلىش ئارقىلىق هەر خىل «سەنئەت نورمۇرلىرى»نى تەييارلاپ ئۆزئارا ئويۇن كۆرستىدۇ.

بۇ ئويۇن باللارنىڭ مۇزىكا سېزىمىنى دەسلەپكى قەدەمدە بىخلاندۇرۇپ، كېيىنكى مۇزىكا هاياتىغا بەلگىلىك ئاساس تۇرغۇزىدۇ.






# «ئات توپى» ئويۇنى



«ئات توپى» ئويۇنى ئادەتتە «چەۋگەن»، «چاۋغان»، «توپۇق توپ»، «چىمەنلىك توپى»، «چۆگۈن» قاتارلىق ناملاردىمۇ مەۋجۇت بولۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ، بولۇپمۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە، ياشاش شارائىتىغا زىچ ماسلاشقان، ئۆزىگە خاس مىللىي ئالاھىدىلىككە بار ئات ئۈستى ئويۇنىدۇر.

مەملىكىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالىدا ئولتۇراقلاشقان تۈركىي خەلقلەر ئەزەلدىن چارۋىچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە تېرىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەن. ئات مىنىش، چوماق تۇتۇپ ئوۋ قىلىش، ئات چاپتۇرۇش، ئوغلاق تارتىشىش، ئات ئۈستىدە ماھارەت كۆرسىتىش قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ قان ـ قېنىغا سىڭىپ كەتكەن. چوڭلارنىڭ بۇ خىل ھەرىكەتلىرى ئاستا ـ ئاستا بالىلارغا تەسىر كۆرسىتىپ، بالىلارنىڭ سەبىي كۆڭلىدىن مۇناسىپ ئورۇن ئالغان. بۇنىڭ بىلەن بالىلارمۇ «ئات توپى» ئويۇنى ئويناشقا ئادەتلەنگەن. بۇ ئويۇن ئادەتتە ياز، كۈز پەسىللىرىدە ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ، ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار 10 ئەتراپىدا بولىدۇ. بالىلار ئويۇن سورۇنى قىلىپ بېكىتىلگەن چىملىق ياكى ئازادە مەيدانلارغا توپلانغاندىن كېيىن، بەشتىن ـ بەشتىن ئىككى گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. ئويۇنغا قاتنىشىشتىن ئاۋۋال ياغاچ ئات، چوماق شەكىللىك كالتەك، ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەرنىڭ قاتتىق ياغىچى ياكى كۆندىن ياسالغان توپ





قاتارلىق ئويۇنچۇقلارنى تەييارلىۋالىدۇ.

«ئات توپى» ئويۇنى مەيدانىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 150 ~ 200 مېتىر، كەڭلىكى 60 ~ 80 مېتىر ئەتراپىدا بولسا بولىدۇ. مەيدانىنىڭ ئەتراپىغا چېگرا سىزىقى سىزىلىدۇ. تارىختا بۇ سىزىق «تاسال»، ئوينىلىدىغان توپ «توپۇق» دەپ ئاتالغان. ئىككى تەرەپكە قاپقا باققۇچى قويۇلۇپ، مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا شوينا ياكى ئارغامچا تارتىپ قويۇلىدۇ. ئويۇن باشلانغاندا، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەن بالىلار تال چىۋىقتىن چوڭراق تاياقچىدىن ياسىۋالغان «ياغاچ ئات»قا مىنگەن ھالدا توپنى بايىقى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ قاپقىغا كىرگۈزىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ قاپقىغا توپنى كۆپ كىرگۈزگەن تەرەپ غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلاردا ئاتا - بوۋىسىنىڭ ئىلمىي قىممەتكە ئىگە ئېسىل مىراسلىرىغا ۋارىسلىق قىلىش تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىدۇ؛ بالىلارنى كىچىكىدىن ھەر ئىشقا قابىل، تەلەپچان، قەيسەر بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىشكە ئۈندەيدۇ.

## «ئوردا تۆشۈكى» ئويۇنى



«ئوردا تۆشۈكى» ئويۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، خۇسۇسەن خوتەن رايونىدا ئومۇملاشقان، بالىلارنىڭ ئۇزاق تارىخقا ئىگە ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇ ئويۇننى ئوغۇللار قىش ۋە ئەتىياز پەسىللىرىدە مەيدان ياكى چىملىقتا ئوينايدۇ. ئويۇندا ئادەتتىكى خام يېپتىن ئالما شەكلىدە چىرايلىق بىجەپ ياسالغان توپ ئويۇنچۇق قىلىنىدۇ.


بۇ ئويۇنغا قانچە بالا قاتناشماقچى بولسا توپ بىمالال پاتقۇدەك شۇنچە تۆشۈك ئايلانما ھالەتتە كولىنىپ، بىر چەمبەر ھاسىل قىلىنىدۇ. ھەربىر بالا بىردىن تۆشۈكنى ئىگىلەيدۇ، تۆشۈكلەرنىڭ ئارىلىقى 40 - 50 سانتىمېتىر بولسا بولىدۇ. چەمبەر-

نىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا ئەتراپتىكى تۆشۈكلەردىن چوڭراق بىر تۆشۈك كولىنىدۇ، بۇ تۆ-
شۈك «ئوردا تۆشۈكى» دېيىلىدۇ.

ئويناش ئۇسۇلى: مۇسابىقىلەشكۈچىلەر بىر يەرگە يىغىلغاندىن كېيىن، چەك تاشلاش
ياكى باشقا ئۇسۇللار ئارقىلىق تۆشۈكلەرگە توپ تاشلىغۇچى بەلگىلەپ چىقىلىدۇ. ئاندىن
5 مېتىرچە ئارىلىقتىن ئوردا تۆشۈككە توپ تاشلاش باشلىنىدۇ. ئەگەر تاشلانغان توپ
ئوردا تۆشۈككە چۈشمەي، توپ ئاتقۇچىنىڭ تۆشۈكىگە چۈشۈپ قالسا ياكى ھېچقايسى
تۆشۈككە چۈشمىسە، توپ تاشلاش نۆۋىتى يەنىلا شۇ بالىدا بولۇۋېرىدۇ. ناۋادا تاشلان-
غان توپ باشقىلارنىڭ تۆشۈكىگە چۈشۈپ قالسا، توپ تاشلاش نۆۋىتى توپ چۈشكەن
تۆشۈك ئىگىسىگە ئۆتىدۇ. ئەگەر تاشلانغان توپ ئوردا تۆشۈككە چۈشسە، توپ تاشلى-
غان بالا توپنى دەرھال تۆشۈكتىن ئېلىپ، باشقىلارنى قوغلاپ تاكى قېچىش پەللىسىگە
بېرىۋالغۇچە توپ بىلەن ئۇرۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. بۇ ۋەزىپە تەلەپكە لايىق ئورۇنلانسا،
توپ تاشلاش نۆۋىتى ئۇرۇلغۇچىغا ئۆتىدۇ؛ ئەگەر ئورۇنلانمىسا توپنى يەنىلا شۇ بالا
تاشلايدۇ.

ئەگەر ئوردا تۆشۈككە توپ چۈشۈرگەن بالا قېچىش پەللىسگە قاراپ قېچىۋاتقان
ئەزالارنى توپ بىلەن ئۇرۇۋالسا ۋە ئۇرۇلغۇچى بالا دەرھال توپنى تۇتۇۋېلىپ، ئۇرۇ-
ۋالغۇچى بالىنى قېچىش پەللىسگە بېرىۋالغۇچە يەنە قايتۇرۇپ ئۇرۇۋالسا، توپنى يەنىلا
دەسلەپ توپ تاشلىغان بالا تاشلايدۇ. قېچىش ئارىلىقى ھەربىر ئەزانىڭ تۆشۈكى ئۇدۇ-
لىدىن 30 مېتىر يىراقلىقتا بولىدۇ. توپنى ھەركىم ئۆز تۆشۈكى ئۇدۇلىدىن 5 مېتىر نې-
رىدا تۇرۇپ تاشلايدۇ.

بالىلار بۇ ئويۇن ئارقىلىق يۈگۈرۈش تېزلىكىنى قەدەممۇ قەدەم ئاشۇرۇپ، خېلىلا
ئوبدان بەدەن چېنىقتۇرۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالايدۇ؛ نىشانلىق، مەقسەتلىك ئىش قى-
لىشنى ئۆگىنىدۇ؛ باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى ئۆگىنىش تۇيغۇسىنى يېتىلدۈرۈشنىڭ
زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىدۇ.





## «موللاق ئېتىش» ئويۇنى





«موللاق ئېتىش» ئويۇنى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى ئارىسىدا بىرقەدەر كەڭ ئومۇملاشقان، باللار بەك ياقتۇرۇپ ئوينايدىغان قىزىقارلىق ئويۇن. ئۇنى ئۇيغۇرلار ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان، ئۇزاق تارىخقا ۋە مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە ئەنئەنىۋى تەنھەرىكەت تۈرى بولغان دارازلىقنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى دېيىشكە بولىدۇ.

«موللاق ئېتىش» ئويۇنى ئادەتتە ياز، كۈز پەسىللىرىدە بۇغداي خامانلىرى، چىملىق ياكى موللاق ئېتىش ئۈچۈن مەخسۇس ھازىرلانغان يۇمشاق جايلاردا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ. مەيلى بۇغداي خامانلىرىدا ياكى چىملىقلاردا ئوينالسۇن، ئوخشاشلا موللاق ئېتىش ئارقىلىق بەلگىلىك ئارىلىققا يېتىپ بېرىش ياكى ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىش - كۈشلىرىگە ياردەم بېرىش بىلەن بىرگە، كۆڭۈل ئېچىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار سورۇننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ئوينايدۇ.

بۇ ئويۇننى خاماندا ئويناشقا توغرا كەلگەندە، باللار ئاتا - ئانىسىنىڭ خامان تېپىش ئىشلىرىغا ياردەم بېرىش بىلەن بىللە، موللاق ئېتىش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈپ، كۆڭۈلنى ئېچىش مەقسىتىدە مەھەللىنى بىرلىك قىلىپ بىرەر خامانغا توپلىشىدۇ. باللار مومىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىۋاتقان ئۇلاغلارغا ئەگىشىپ، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ چاتما موللاق ئېتىش ئويۇنىغا كىرىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل مۇسابىقە ئىككى بالا ئارا ياكى بىرنەچچە بالىدىن تەركىب تاپقان ئىككى گۇرۇپپا ئارا ئۆتكۈزۈلسىمۇ بولۇۋېرىدۇ.

ئويۇن جەريانىدا موللاق ئاتقۇچى بالا خامان ئىشلىرىنى ئاقسىتىپ قويماسلىقى، ئۇلاغلارنى ئۈركۈتۈۋەتمەسلىكى، خامان ئۆرۈۋاتقانلارغا پۇتلاشماسلىقى، موللاق ئاتـ

مەن دەپ ئۇلاغلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالماسلىقى، ئۇلاغلارغا ئېسىلىۋالماسلىقى، موللاق ئېتىۋاتقان باشقا بالىلارغا كاشىلا بولماسلىقى، خامان ھەيدەش بىلەن موللاق ئېتىشنى ماسلاشتۇرۇشى، موللاق ئېتىشنىڭ قائىدىلىرىگە رىئايە قىلىشى لازىم.

ئويۇنغا قاتناشقۇچىلار باشتا كېلىشىۋالغىنى بويىچە ئۆز ئارا ئالمىشىپ ئويۇن كۆرسىتىش يولى بىلەن ئويۇننى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئويۇن خاماننىڭ 1/3 ئۆنچىسى سامانغا ئايلىنىپ بولغان مەزگىلدە باشلىنىپ، خامان پۈتۈنلەي يۇمشىغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇننى چىملىق ياكى ئوت - چۆپى قېلىن يايلاقلاردا ئويناشقىمۇ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا، ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار بەلگىلەنگەن جايغا توپلىشىپ، گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنىدۇ. ئويۇن بەلگىلىك ئارىلىقتا موللاق ئېتىپ بېرىش ياكى بىر باشلىغانچە زەنجىرسىمان چاتما موللاق ئېتىش شەكلىنى ئاساس قىلىپ ئوينىلىدۇ. بۇ جەرياندا ئويۇن بېشىدا بېكىتىلگەن بەلگىلىمىگە ئەمەل قىلىش، باشقا بالىلارنىڭ ئويۇن كۆرسىتىشىگە كاشىلا بولماسلىق، ئۇلارنى تېپىپ ياكى سوقۇپ يىقىتىۋەتمەسلىك، بەلگىلەنگەن ئارىلىقتا پەقەت موللاق ئېتىپ بېرىش، موللاق ئېتىش شەكلىدە قائىدىگە بويسۇنۇش لازىم.

دېمەك، موللاق ئېتىش ئويۇنى قاچان، قەيەردە، قايسى شەكىلدە ئوينالسۇن، ئوخشاشلا قائىدىلىك ئوينىلىدۇ. ئويۇنغا تەۋە ھەرقايسى تۈرلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى، مەيدان ۋە ۋاقت ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ بەلگىلىنىدۇ.


بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ جىسمانىي جەھەتتە ساغلام يېتىلىشىدە بەلگىلىك رول ئوينايدۇ، جۈملىدىن ھەرقايسى ئەزالىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.







## «خورازمۇ ـ مېكىيانمۇ؟» ئويۇنى



«خورازمۇ ـ مېكىيانمۇ؟» ئويۇنى كۆز پەسلىدە ئېرىق ـ ئۆستەڭ، دەل ـ دەرەخ بىلەن قاپلانغان يوللارنىڭ بويلىرىدا ۋە ئورمانلىقلاردا ئوغۇللار تەرىپىدىن ئوينىلىدۇ.

ئويۇنغا قاتناشماقچى بولغان بالىلار ئالدى بىلەن قارا تېرەك، ئەنجۈر قاتارلىق چوڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەرنىڭ ئۆزلۈكىدىن چۈشكەن ياكى چۈشۈش ئالدىدا تۇرغان غازاڭلى- رىدىن بىرەر تۇتامدىن تەييارلايدۇ، ئاندىن ئىككى بالا بىر ـ بىرىگە دوستلۇق مۇسابىقىسى ئېلان قىلىدۇ-دە، ھەر ئىككىسى بىردىن غازاڭنىڭ ساپىقىنى بىر ـ بىرىگە كىرىشتۈرۈپ ئالدىغا تارتىدۇ، بۇ ھالەت «توخۇ» سوقۇشتۇرۇش دېيىلىدۇ. تەلەپ شۇكى، غازاڭ ساپىق- نىڭ ئۇچىدىن تۇتۇلۇشى، ئىككى تال غازاڭ ساپىقى ئۆزئارا كىرىشتۈرۈلگەندە قوللار قارشى تەرەپنىڭ غازاڭ ساپىقىغا تېگىپ كەتمەسلىكى، «توخۇ» سوقۇشتۇرۇۋاتقان ھەر ئىككى بالا بەدىنىنى نورمال تۇتۇشى، پاسىل سىزىقتىن ھالقىپ كەتمەسلىكى، ئويۇننىڭ كەينىگە كىرىپ

بىر - بىرىنى رەنجىتمەسلىكى، ئاخىرىدا يەڭگەن - يېڭىلگەنلىكلىرىنى تەن ئېلىشى ۋە ئۇ-زىگە تەمەننا قويۇشتىن ساقلىنىشى، غازاڭلار بىر خىل دەرەخنىڭ بولۇشى لازىم.

يەككە ئويناشتا «ئۇتقان» «خوراز»لارمۇ ئۆزئارا سوقۇشتۇرۇلىدۇ. ئويۇن بىردىن ئۇچكىچە «نوچى خوراز» ئايرىلغانغا قەدەر داۋاملىشىدۇ. غازاڭلاردىن يەڭگىنى «خوراز»، يېڭىلگىنى «مېكيان» بولىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە «توخۇ» سوقۇشتۇرغان ئىككى بالىنىڭ يەڭگەن - يېڭىلگىنى بولۇپ، بىر قېتىم يېڭىلىپ قالغانلار كېيىنكى نۆۋەت يېڭىش ئۈچۈن پۇختا تەييارلىق قىلىدۇ. يەنى ساپىقى توم، پىشقان غازاڭلارنى تەخلەيدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنىڭ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى پەرقلەندۈرۈش ئىقتىدارىنى، غەلىبە قازىنىشقا بولغان ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدۇ.

## «جۇپتۇڭنى تاپ» ئويۇنى

«جۇپتۇڭنى تاپ» ئويۇنى ئۇيغۇر قىز - ئوغۇل ئۆسمۈرلىرى تەرىپىدىن كەچ كۈز ئاخشاملىرى ئوينىلىدۇ.

بالىلار ياش قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ نىكاھلىنىش — توي قىلىش، پەرزەنتلىك بولۇش پائالىيەتلىرىنى دوراپ «جۇپتۇڭنى تاپ» ئويۇننى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئويۇننىڭ ئىسمىدىنلا كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئويۇنغا قاتنىشىدىغان بالىلار 10 ياشتىن يۇقىرى بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

بالىلار ئاۋۋال ئىككىدىن - ئىككىدىن بولۇپ گۇرۇپپىلارغا ئايرىلىدۇ، ھەر گۇرۇپپىدا بىر قىز، بىر ئوغۇل بولىدۇ، شۇ كۈنلۈك ئويۇندا «ئانا» بولغۇچى خالىغان بىر جۈپ قىز - ئوغۇلنىڭ ئويۇن باشلىشىنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ. بۇ ئىككى بالىنىڭ بىرى ئوڭ قولىنى، يەنە بىرى سول قولىنى چىقىرىپ ئۆزئارا مەھكەم تۇتۇشىدۇ. شۇ ئەسنادا قالغان بالىلار ئۆز «جۈپتى» بىلەن قول تۇتۇشۇپ نۆۋەت بىلەن يۈگۈرۈپ كېلىشىدۇ-دە، ئويۇن باشلىغۇچى قىز - ئوغۇلنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋېتىشكە ئۇرۇنىدۇ. ئويۇن باشلىغۇچى ئىككىيلەن بولسا «بۇزغۇنچىلار»نى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىدۇ.



ئويۇن بۇ باسقۇچقا كىرگەندە، دەسلەپ

ئويۇن باشلىغان ھېلىقى قىز - ئوغۇل بىلەن ئۇلارنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋېتىش نىيىتىدە يۈگۈرۈپ كەلگەن «بۆزغۇنچىلار» تۆۋەندىكى سوئال - جاۋابلىق قوشاقنى ئوقۇيدۇ:



كىچىككىنە قايچا
قولۇمنى كەستى.
ئۈنچە - مارجان چېچىلىپ
يولۇمنى توستى.
— ئەي ئايىم - ئەي ئايىم،
نەگە بارىسەن؟
— تاغقا بارىمەن.
— تاغدا نېمە بار؟
— تاغدا بادام بار.
— بادام كىمنىڭكى؟
— ئوتتۇۋاينىڭكى.
ئوتتۇۋاي - ئوتتۇۋاي،
قورسىقىدا بالاۋاي،
ۋىچىر - ۋىچىر سايرامدۇ؟
ۋىچىر - ۋىچىر سايرايدۇ.
سىڭىلچاققا توي كەپتۇ،
ئالا پاچاق قوي كەپتۇ.
قوينى سويۇغلار ۋاقتىدا،
ئاشنى ئىچىڭلار تاختىدا.

بۇ قوشاق ئويۇن كۆرسىتىۋاتقان تۆت بالا، يەنى ئويۇن باشلىغۇچى ئوغۇل ۋە قىز بىلەن «بۆزغۇنچى» ئوغۇل ۋە قىز تەرىپىدىن تەكرار ئوقۇلۇپ ھەرىكەتكە ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ئويۇن جەريانىدا «بۆزغۇنچىلار» ئويۇن باشلىغۇچىلارنىڭ قولىنى ئاجرىتىۋېتەلمەي تۇتۇلۇپ قالسا، ئويۇن باشلىغۇچى بولىدۇ؛ ئەگەر ئاجرىتىۋېتىپ قېچىپ كېتەلىسە، ئويۇن باشلىغۇچى ئوغۇللىنى ئوغۇللار، قىزنى قىزلار ھەر خىل «جازا»غا تارتىدۇ. «جازا»لانغان قىز بىلەن ئوغۇل يەنە قول تۇتۇشۇپ ئويۇن باشلىغۇچى بولۇشقا تىرىشىدۇ. ئويۇن شۇ تەرىقىدە تەكرار داۋاملىشىدۇ.

بۇ ئويۇن بالىلارنى چوڭلارنىڭ تېگىشلىك پائالىيەتلىرىنى ئۆگىنىپ، تۇرمۇش بىلىمنى ئىگىلەشكە يېتەكلەيدۇ. ئۇلارغا ئىناقلىقنىڭ ھەرقانداق ئىشتا غەلىبە قىلىشنىڭ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى كۈچەيتىدۇ، يۈگۈرۈش قاتارلىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق بەدەن چېنىقتۇرۇشقا ئىلھام بېرىدۇ.

责任编辑:哈斯亚提·依不拉音
责任校对:阿不都热依木·阿布力米提
封面设计:吐达吉·吐尔洪
绘　　画: 阿迪力江·阿布力孜

书　　名　儿童爱菲达有声读物——数字对好朋友(维吾尔传统儿童游戏)
编　　者　吐尔逊·卡得
出　　版　新疆美术摄影出版社
　　　　　新疆电子音像出版社(www.xjdzyx.com)
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路5号(邮编 830026)
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
印　　刷　新疆八艺印刷厂
开　　本　787mm × 1092mm　　1/16
印　　张　117.75
版　　次　2015 年 2 月第 1 版
印　　次　2015 年 7 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-89415-023-3
定　　价　490.00 元(点读笔和20本书)